# قومۇل

## QUMUL (HAMI) XAMИ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قومۇل

[illegible] قىلغۇچى: ئايۇپ قۇربان

تۈزگۈچى: ئايشەم ئەخمەت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەھەممەت ئايۇپ

قۇمۇل

ئايشەم ئەخمەت تۈزگەن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
سەنلى يىڭى مەھسۇلات ھەسسدارلىق شىركىتىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 م م 1\32
باسما تاۋىقى: 9 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1993 — يىل 7 — ئاي 1 — نەشرى
1993 — يىل 7 — ئاي 1 — بېسىلىشى
تىراژى: 1,100 — 1
ISBN7—228—02701—9/I • 950 باھاسى 5.60 : يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەھەممەت ئايۇپ

# قۇمۇل

ئايشەم ئەخمەت تۈزگەن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
سەنلى يېڭى مەھسۇلات مەسسىدارلىق شىركىتىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 م م 1\32
باسما تاۋىقى: 9 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1993 — يىل 7 — ئاي 1 — نەشرى
1993 — يىل 7 — ئاي 1 — بېسىلىشى
تىراژى: 1,100 — 1
ISBN7—228—02701—9/I • 950 باھاسى 5.60 : يۈەن

# مۇندەرىجە

«قۇمۇل» ھەققىدە…………………… ئايۇپ قۇربان 1
تۇزگۈچىدىن …………………………………………5

## قۇمۇل غەربىي دىياردىكى ئەڭ قەدىمكى جايلارنىڭ بىرى

قۇمۇلنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ……………… 8
قۇمۇل دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلار
…………………………………………………………12
«قۇمۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى يەنە بىر مۇلاھىزە
…………………………………………………………16
قۇمۇل قەدىمكى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان مەركىزىي شەھەر ……18
قۇمۇلدىكى قەدىمكى كارۋان يوللىرىنىڭ غول ۋە تارماق لىنىيىلىرى ……………………………………………19
قۇمۇلنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرىدىن ئۆتكەن سەيياھلار ………21
قۇمۇلدىكى ھەربىي بېكەت ۋە ئۆتەڭلەر ……………………24
قۇمۇلدىكى تۇرالار ……………………………………25
تارىخىي ئىزلاردىن مىسال……………………………25

## قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

قۇمۇلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار ئورۇنلار ……………28
قۇمۇلنىڭ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى……29
ئابىدىلەر ……………………………………………35

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




بالباللار ........................................ 38
قەدىمكى جەسەتلەر ........................................ 38
قۇمۇلنىڭ قىياتاش رەسىملىرى تارقالغان جايلار ........................ 40
قۇمۇلنىڭ قىياتاش سەنئىتىدىكى ھەر خىل رەسىملەر .................... 41
«قارلۇق غول» ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى .................. 42
قۇمۇلدىن تېپىلغان قەدىمكى ئەسەر — «مايتىرى سىمىت» ............ 43
زاڭزۇ يېزىقىدىكى بۇددا نومى ........................................ 45


## قۇمۇل دىيارىدىن چىققان مەشھۇر كىشىلەر


مەشھۇر تارىخشۇناس قاڭلى تۇتۇ ........................................ 47
مەشھۇر تەرجىمىشۇناس بۇددا ئالىمى بىلەنناشىل .......................... 49
گېنېرال تابىل ........................................ 50
خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئەمەلدار ئالىچ تۆمۈر .......................... 52
ئالىي گېنېرال ئاتاي ........................................ 53
قابىلىيەتلىك خەلقپەرۋەر ئەمەلدار دىلۇش ........................ 53
دىيانەتلىك ھەزرەت - سۇنارقادىلمىش ........................ 54
شائىر ئابىد قۇمۇلى ........................................ 55
ئاپپاق خوجا ........................................ 56
گاڭگۇك باقى ........................................ 57


## قۇمۇلنىڭ سەنئەت مىراسلىرى


قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامى ........................................ 60
قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامىنىڭ نامى ........................ 61
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر غول چوڭ نەغمىسى .................... 62

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر نەغمىلىرى ......... 64
قۇمۇل خەلق مۇقاملىرى چاڭئەندە ......... 65
جاڭچيەن ۋە مۇقدۇر مۇقامى ......... 66
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل مۇقاملىرى ......... 67
خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ قۇمۇل مۇقاملىرىنى مەدھىيىلەپ يازغان شېئىرلىرى ......... 67
قۇمۇل غىجەكى ھەققىدىكى رىۋايەت ......... 68
قۇمۇل غىجىكىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەسىرى ......... 69
مۇقام چالغۇلىرى ۋە قۇمۇل غىجىكىنىڭ ياسىلىشى ......... 69
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا ئوينالغان تىياتىر ۋە ئويۇنلار ......... 70
قۇمۇلنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ......... 71
رەسساملىق ......... 75
خەتتاتلىق ......... 76

## قۇمۇل ۋاڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىيجىڭ خانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجداتلىرى ھەققىدە ......... 79
ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ......... 80
خان ئەسكەرلىرىنىڭ پانۇس بىلەن شەھەر ئېلىشى ......... 81
قۇمۇل كونا شەھەر سېپىلىنىڭ بىنا قىلىنىشى ......... 82
ئۇششاق تالدىكى توققۇز ئۇيغۇر ھەيكىلى ......... 83
گوپابەگ (ۋاپا بەگ) ......... 83
ئىمىن ۋاڭ ......... 84
ئىمىن ۋاڭنىڭ خانى ھەيران قالدۇرۇشى ......... 85

شامالچارباغنىڭ بىنا قىلىنىشى ........................ 86
يۈسۈپ ۋاڭ ........................ 87
ئىسهاق ۋاڭ ........................ 89
ئەزدىشىر ۋاڭ ........................ 89
ئۆچتۆر خەلپەم ھەققىدە رىۋايەت ........................ 90
بېيجىڭ خان سارىيى ئۆچىنچى قوۋۇقتىكى شامابىي دېگەن خەتنىڭ مەنىسى ........................ 91
بىشىر ۋاڭ ........................ 92
مېھرىبانۇ ۋاڭ ........................ 94
شامەخسۇت ۋاڭ ........................ 96
شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ چوڭ قىزى خان فۇجۇڭ خېنىمنىڭ تويلۇقى ........................ 97
خان فۇجۇڭ خېنىمنىڭ تويى ........................ 98
خان فۇجۇڭ خېنىمنىڭ كۆچۈرۈلۈشى ........................ 99
قۇمۇل تويلىرىدىكى قىزنىڭ ئالدىنى توسۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى ........................ 100
تۆمۈر چارۋا ........................ 101
شامەخسۇت ۋاڭنىڭ خان ئالدىغا سالامغا بېرىشتىكى تەييارلىقلىرى ........................ 102
قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ بېيجىڭغا سەپەرگە چىقىش كۈنى ........................ 104
قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ مەنسەپ - دەرىجىلىرى ........................ 106
قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە تەيجى بولۇپ ئۆتكەنلەر ........................ 109
قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ئەلەم بولۇپ ئۆتكەنلەر ........................ 109
قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە قازى بولۇپ ئۆتكەنلەر ........................ 109
شىڭ شىسەي دەۋرىدە قازى بولۇپ ئۆتكەنلەر ........................ 109
گومىنداڭ دەۋرىدە قازى بولغانلار ........................ 110

قۇمۇل ۋاڭنىڭ خەزىنىلىرى ........................ 110
قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئاشلىق ئامبىرى ........................ 110
ئوردا كۇتۇپخانىسى ........................ 111
قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ قاتناش قوراللىرى ........................ 112
قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ........................ 112
قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى تۇگمەنلەر ........................ 114
قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى كارىزلار ........................ 114
قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى باغلار ........................ 115
قۇمۇل ۋاڭنىڭ ھايۋانات باغچىسى ........................ 117
قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى مەكتەپلەر ........................ 118
قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى سودا ئىشلىرى ........................ 118

## قۇمۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى

تورپاق يېغىلىقى ........................ 121
تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى ........................ 122
چاررۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرىنىڭ قۇمۇل پالۋانلىرىغا تەسلىم بولۇشى ........................ 122

## قۇمۇل شىۋىسى ۋە ئەل ئەدەبىياتى

قۇمۇل شىۋىسى ھەققىدە ........................ 125
ئاتاقلىق تۈركشۇناس ئالىم س. ي. مالوۋ قۇمۇلدا ........................ 126
قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى يەرلىك شىۋە ........................ 127
قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ........................ 137
قۇمۇل خەلق داستانلىرى ........................ 137

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇمۇل خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن نەمۇنىلەر ........ 138
قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل ........ 139
كۆك مەشرىپى ........ 140
كۆك بېيىتى ........ 141
قار مەشرىپى ........ 142
قار بېيىتى ........ 142
يىلنامە قوشىقى ........ 143

## بىر قىسىم قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

يالغۇز تويۇن ناخشىسى ........ 145
ئاللىيەي شەرۋازىم ........ 147
شەرخۇمارى ........ 147
يارەنلەر، يار ئۆلتۇردى ........ 148
نوم ناخشىلىرى ........ 149
شىڭشىگشا ناخشىسى ........ 150
تۆمۈر خەلپە ھەققىدىكى ناخشىلار ........ 152
قارادۆۋىچى گۇلدەستخان ........ 153
دازىگو سەرۋەك ئارا ناخشىسى ........ 154

## قۇمۇل خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى

قۇمۇل كىشىلىرى ........ 159
قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك ئۆرپ - ئادەتلىرى
........ 159

ئۆي ۋە ئۆي جابدۇقلىرى ...... 160
قۇمۇل خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى ...... 161
ئىسىم قويۇش ...... 162
قۇمۇلدىكى توي ...... 162
يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرىدىن ئەمۇنىلەر ...... 170
ئىدەر (بۆشۈك تويى) ...... 176
سۈننەت تويى ...... 177
قۇمۇلدىكى كىشى لەقەملىرى ھەققىدە ...... 177
قۇمۇلدا ئۆلۈم ئۇزۇتۇش ...... 178
قىزلارنىڭ زىننەتلىنىشى ...... 180
ئەر ـ ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە زىننەت بويۇملىرى ...... 181


## قۇمۇلدا ئۆتكۈزىلىدىغان ھېيت ـ بايرام ۋە دىنىي پائالىيەتلەر


روزى ھېيت ...... 186
قۇربان ھېيت ...... 187
رامىزان ئېيتىش ...... 188
نورۇز بايرىمى ...... 189
نورۇز ھەققىدىكى قوشاقلار ...... 190
بارات كېچىسى ...... 190
بارات قوشىقى ...... 191


## قۇمۇلنىڭ قول ـ ھۈنەر سەنئىتى


زەرگەرچىلىك ...... 194

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالتۇن بوتىچاق ھەققىدىكى رىۋايەت ........ 194
قۇمۇلنىڭ قەغەز ئويۇقچىلىقى ۋە چاشما تىكىش سەنئىتى ........ 196
ياغاچچىلىق ........ 197
تۆمۈرچىلىك ۋە قۇيمىچىلىق ........ 197
سىرچىلىق ........ 198
تاشچىلىق ........ 199
كىگىزچىلىك ........ 199
توقۇمىچىلىق ........ 200
تىككۈچىلىك ........ 200
بىناكارلىق ........ 201
ساپالچىلىق ........ 202

## قۇمۇلدىكى مەدەنىي پائالىيەتلەر

شاھماتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت ........ 204
قۇمۇلدىكى شاھمات ماھىرلىرى ھەققىدە ........ 205
ئوغلاق تارتىش ........ 207
چېلىشىش ........ 208

## قۇمۇلنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ........ 212
قۇمۇلدىكى ئون ئىككى تاغ، بەش شەھەر ........ 212
قۇمۇلنىڭ بۇرۇنقى ھەر قايسى يېزىلىرىغا قاراشلىق كەنتلىرى
........ 212
قۇمۇلنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ........ 213

قۇمۇلنىڭ تەبىئىي شارائىتى ......................................... 213
قۇمۇلنىڭ كان بايلىقلىرى ......................................... 214
قۇمۇلنىڭ ئاھالە سانى ......................................... 214
قۇمۇل قوغۇنى ......................................... 215
قۇمۇل ۋە قوغۇن ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ......................................... 216
مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولونىڭ قۇمۇل قوغۇنى قېقى ھەققىدە
ئېيتقانلىرى ......................................... 224

## قۇمۇلدا تېرىلىدىغان زىرائەتلەر

ئاشلىق، مايلىق دان ......................................... 227
قۇمۇلدىن چىقىدىغان مېۋىلەر ......................................... 227
قۇمۇلدا تېرىلىدىغان كۆكتاتلار ......................................... 227
قۇمۇلدا ئۆستۈرۈلىدىغان گۈل تۈرلىرى ......................................... 228
قۇمۇلدا ئۆستۈرۈلىدىغان تال ـ دەرەخلەر ......................................... 228
قۇمۇلدىكى ياغ تارتىش ......................................... 228

## ھەر خىل دىنلارنىڭ قۇمۇلدىكى تەسىرلىرى

توتېمىزمنىڭ تەسىرى ......................................... 230
مانى دىنىنىڭ تەسىرى ......................................... 230
زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ تەسىرى ......................................... 231
شامانىزم ......................................... 231
خرىستىيان دىنى ......................................... 232
بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ......................................... 232
ئىسلام دىنى ......................................... 233

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چولك جامە جۇمە مەسچىتىنىڭ قورۇلۇشى ........................ 234

## قۇمۇلدىكى مازارلار

ئاق گۇمبەز مازىرى ........................................ 236
لىن مىڭتاڭ مازىرى ........................................ 236
يالغۇز تويۇن مازىرى ........................................ 236
ئەللىك مازار ........................................ 237
سۇلتان سەئىد لوك مازىرى ........................................ 237
چاقاغا مازىرى ........................................ 237
ئابۇ نەسىردىن مازىرى ........................................ 237
ئۇلانبۇلاق مازىرى ........................................ 238
دەرەخلىك غوجام مازىرى ........................................ 238
قارادۆۋە قارا ياغاچلىق مازىرى ........................................ 238
غوجا بىغەم مازىرى ........................................ 239
مەۋلانە سەدىدىن ئەزىزى كاسانى مازىرى ........................................ 239
قارا ياغاچلىق مازار ........................................ 239
كۆچەتلىك مازار ........................................ 239
ئاستانە مازىرى ........................................ 240
بوغاز مازىرى ........................................ 240
چاقماق بۇلاق مازىرى ........................................ 240
لەڭگەر مازىرى ........................................ 240
سۇلك قاغا مازىرى ........................................ 241
سۇۋۇر نىياز مازىرى ........................................ 241
ساراي مازىرى ........................................ 242
خوجا نىياز مەسچىت مازىرى ........................................ 242

ئايلىق مازىرى ........................ 243
غايىپ مازىرى ........................ 243
قەيس غوجام مازىرى ........................ 244
ئەزىزىم ئاغچام مازىرى ........................ 244
سۇلتان سەئىد مازىرى (تۇغلۇق مازار) ........................ 245


## قۇمۇلدىكى بىر قىسىم مەنزىرىلىك جايلار


باغداش بېغى........................ 247
ئارىتام بېغى........................ 248
ئاق تاش ........................ 249
ئاقتاش ھەققىدىكى رىۋايەت ........................ 250
«سىرلىق جاي» ........................ 251
ئاۋازلىق قۇمتاغ ........................ 252
قوۋۇق ئېغىزى (كومبېگزا) ........................ 253
سۇمۇشتان........................ 254
مايمۇن تاغ (خۇاشەن) ........................ 255
زوركى ۋە سەرۋەك تاغلىرى ........................ 256
ئالتۇنلۇق ........................ 256


## قۇمۇلدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا


فەدىمكى ناجى شەھىرى ھەققىدە ........................ 260
قارا دۆۋە ھەققىدە ........................ 260
لاپچۇق ھەققىدە ........................ 261
«بوغاز» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت ........................ 261

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«قارلۇق غول» ھەققىدە ........................................ 262
كانايچى تۇرا ........................................ 263
قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرى ........................................ 263
ئۇيغۇر چوققىلار ........................................ 263
چاپ رىۋايىتى ........................................ 264
تورۇس تۇرا ........................................ 264
«توققۇز ئەجدىھا تال» ھەققىدە رىۋايەتلەر ........................................ 265
«توققۇز ئەجدىھا تال» ھەققىدە يېزىلغان شېئىر ........................................ 267
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ........................................ 268

## «قۇمۇل» ھەققىدە

### ئايۇپ قۇربان

قۇمۇل — ئېلىمىزنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن، يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مىللىي ئەنئەنىگە ئىگە گۈزەل بوستانلىق دىيار. مەشھۇر يىپەك يولى جۇڭگونى غەربىي يۇرت ئارقىلىق غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن زىچ تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن. جۇڭگونىڭ يىپەك شايىلىرى، جانان چىنىلىرى، كومپاس، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىلىرى ئەنە شۇ غەربىي دىيار ئارقىلىق كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەربكە تارقاپ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا قومۇل ئۆزىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى بىلەن شەرق بىلەن غەربنىڭ ئالاقە ئورنىتىشىدا مۇھىم ئورۇن ھېسابلىنىپ كەلگەن.

قۇمول ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا گۈللىنىش مەزگىللىرىنى، ئۇرۇش — تالاش ۋەھىمىلىرى ئىچىدە خاراپلىشىش مەزگىللىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىرى مەزگىلىدە قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، سودا — سېتىق ئىشلىرى گۈللىنىپ، بازارلىرى ئاۋاتلاشقانىدى. تارىختا «ئۇيغۇرغولنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن پرىسىنىڭ شەرقىي تەرىپى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، تارتۇق بەگلىرى، سودىگەرلەر، يولۇچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



ئايىقى ئۈزۈلمەيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قۇمۇل غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارنىڭ بېيجىڭغا ئەۋەتكەن تارتۇق بەگلىرى، سودىگەرلىرى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىغان يول بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ مەكتۇپ — ئالاقىلىرى قۇمۇلدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىش رەسمىيەتلىرى بېجىرىلەتتى.

يۈەن سۇلالىسى يىللىرىدا قۇمۇلدىن ئۆتكەن ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر ساياھەتچىسى ماركوپولو سەپەر ئۈستىدە بىر تاغار قوغۇن قېقى سېتىۋالغان. ئۇ قوغۇن قېقىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىپ ماختىغان. ھەتتا قۇمۇل قوغۇن قېقىنى دۇنيادا داڭلىق باغدات خورمىسىدىنمۇ تاتلىق ئىكەن، دېگەندى.

داڭلىق سەيياھ جاڭچيەن غەربكە قىلغان ساياھىتىدە قۇمۇلدا تۇرغان. قۇمۇلنىڭ ناخشا — مۇزىكىلىرىدىن ھوزۇرلانغان. ئۇ قايتقاندا قۇمۇلنىڭ مۇقدۇر مۇقامىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كەتكەن. تاڭ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا، تىياتىر سەھنىلىرىدە، رەستە، چايخانا، مەيخانە ھەتتا ئۆيلەردە ئۇيغۇر غول چوڭ نەغمىلىرى ياڭراپ «ئۆرۈلۈپمۇ — چۆرۈلۈپمۇ» ئۇيغۇرغول چوڭ نەغمىلىرىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ ناخشا — سازلىرى ھەتتا چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدىن چىققان تارىخشۇناس قاڭلى تۇتۇ، تەرجىمە شۇناس بىلەنناشىل، ئالىي گېنىرال تابىل، خەلقپەرۋەر ئەمەلدار ئالچ تۆمۈر، دىلۋىش، سۇنار قادىلمىش، قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل — پاراستى ۋە يېتىلگەن تالانتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ شەرقىدە ئىز قالدۇرغان، يۈەن سۇلالىسى

خانلىرى ئۇچۇن خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، خەلق ئاتا قىلغان شان — شەرەپلىرى، خانلىق ھەدىيە قىلغان تارتۇقلىرى تارىخ ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىپ قالدۇرۇلغان.

قۇمۇلنىڭ قويۇق يەرلىك پۇراقىغا ئىگە قۇمۇل مۇقاملىرى؛ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، قۇمۇلدىن تېپىلغان چوڭ ھەجىملىك بەدىئىي ئەسەر «مايتىرى سىمىت»، قۇمۇلنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى، قۇمۇلنىڭ تىل — شىۋە، ئەل ئەدەبىياتى، تۇرمۇش ئۆرپ — ئادەتلىرى، قۇمۇلنىڭ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى، ئۈچ مىڭ يىلدىن ئاشقان جەسەتلەر، قۇمۇلدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرغان تۇرالار، مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى (ھازىر 127 يەردە مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى بايقالدى) مەسچىت، مەدرىسە، ھېيتگاھ، مازارلار، قۇمۇلنىڭ مەنزىرىلىك گۈزەل جايلىرى، قۇمۇلدا ئۆتكەن ۋاڭلار دەۋرىدىن قالغان نەمۇنىلەر، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا تۈزۈلگەن «باياز» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، ئابد قۇمۇلى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلار قۇمۇلنى نامايان قىلىدىغان پاكىتلاردۇر. «قۇمۇل» ناملىق بۇ كىتابتا يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئاساس قىلىنىدى.

قۇمۇلنىڭ نامى قەدىمكى زاماندا كۇنۇۋ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاراتۆرۈك، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىۋىرغول، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ «قۇمۇل» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. «قۇمۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار بار. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «قۇمۇل» دېگەن نام «قامىل»، «قامىلى»، «قىدىمۇل»، «كۇنمۇلى» ...

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



دېگەندەك نامىلارنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. قۇمۇلنىڭ نامى ھەققىدىكى بۇ خىل تەبىرلەر گەرچە بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تازا جەزىملەشتۈرەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ئىلمىي قاراشلىرىنى قىسمەن دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلار تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «قۇمۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىرلىككە كېلىشىگە ئىشىنىمەن.

قۇمۇل ھازىر يەنىلا شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى. ئۇ ھەم چېگرا بويىغا جايلاشقان ھەم غەربىي شىمالنىڭ خەلقئارا چوڭ يولىدىكى تاش يول ۋە تۆمۈر يول بويىغا جايلاشقان مۇھىم شەھەر. شۇڭا بىز ھازىرمۇ قۇمۇلنىڭ قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ قاتناش ئۈستۈنلۈكىدىن، جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئۈستۈنلۈكىدىن، يەر ئاستى مول كان بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، شەرق بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق غەربنى ئېچىش، شىمالغا چىقىرىش فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە تېشىدىكى سودىگەرلەرنىڭ قۇمۇلغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ، قۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي بازارنى يېڭى دەۋر روھى بويىچە گۈللەندۈرۈشىنى تەشەببۇس قىلماقتىمىز.

«قۇمۇل» ناملىق بۇ كىتاب قۇمۇلنى بىلمەكچى بولغان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدىكى تونۇشتۇرۇش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

قۇمۇل قوغۇن بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت جاپالىق ئىزدىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتى. مەن يولداش ئايشەم ئەخمەتكە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

## تۈزگۈچىدىن

بۇ يىلنىڭ بېشىدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش ئايۇپ قۇربان قۇمۇلنى تونۇشتۇرىدىغان بىر كىتاب تۈزۈپ چىقىشىمنى، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى يىغىنچاق، سۆز — ئىبارىلىرى قىسقا، چۈشىنىشكە ئاسان بولۇشىنى ھەمدە بۇ كىتاب بۇ يىلقى قوغۇن بايرىمىغا سوۋغا قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. يولداش ئايۇپ قۇربان يەنە كىتابنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە: قۇمۇلنىڭ تارىخى ۋە تارىختا تۇتقان ئورنى، «قۇمۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ھەر خىل قاراشلار، قۇمۇلنىڭ يىپەك يولىدىكى ئورنى، قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى — ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى، قۇمۇلدىن چىققان مەشھۇر كىشىلەر، قۇمۇلنىڭ كېيىنكى ۋاڭلىرى، ئۇلارنىڭ بېيجىڭ خانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، قۇمۇل خەلقىنىڭ تىل — شىۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ، تۇرمۇش ئۆرپ — ئادەتلىرى، دىنىي ئەقىدىلىرى، ھۈنەر — سەنئىتى، تەبىئىي شارائىتى …قاتارلىق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈشۈمنى تاپشۇرغانىدى. مەن ناھايىتى تېزلىكتە ئىزدىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. يولداش ئايۇپ قۇربان بۇ كىتابنى ئىشلەشكە باشتىن — ئاخىر ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلدى. بىر قىسىم مەزمۇنلارنى ئۆزى تولۇقلىدى ھەم تۈزەتتى. كىتاب پۈتكەندىن كېيىن ئۆزى بىر قۇر كۆرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىقىپ، مۇشۇ ساھەدىكى بىرەر ئالىمنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشىمنى بۇيرىدى. نەتىجىدە ئاتاقلىق تىلشۇناس، تارىخشۇناس ئالىمىمىز ئىبراھىم مۇتىئى ئاكىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە كىتابنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئىبراھىم ئاكا بىر قىسىم تۈزۈتۈشكە تېگىشلىك جايلارنى كۆرسەتكەندى قايتىدىن تۈزۈتۈپ چىقتىم. بۇ جەھەتتە ئىبراھىم ئاكىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ كىتابقا ئاساسەن 1930 — يىلدىن بۇرۇنقى ئەھۋاللار كىرگۈزۈلدى. 1930 — يىلدىن ھازىرغىچە بولغان ئىشلارنى يەنە بىر كىتاب قىلىپ ئىشلىمەكچىمىز.

بۇ كىتابنى تۈزۈشتە ئاساسەن ئۇيغۇرچە بېسىلغان كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلاردىن ھەم قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن بىر قىسىم كاتىپ، تارىخچىلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللىرىدىن ۋە بىر قىسىم چوڭ ياشلىقلارنىڭ ئاغزاكى پاراڭلىرىدىن، يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىدىن پايدىلاندىم.

بۇ كىتابنى تۈزۈش ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، ئىزدىنىشلىرىم ئەتراپلىق بولدى دېيەلمەيمەن. شۇڭا 1930 — يىللاردىن بۇرۇنقى قۇمۇلنى تونۇشتۇرۇشۇمدا يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتابخانلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىنى، سەمىمىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قومۇل — غەربىي دىياردىكى ئەڭ قەدىمكى

جايلارنىڭ بىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# قۇمۇلنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

قۇمۇلنىڭ يەتتە قۇدۇق، تارانچى قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلغان تاش قوراللار ۋە قارادۆۋە، يانبۇلاق قاتارلىق جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال قاچىلاردىن قارىغاندا، قۇمۇلدا بۇنىڭدىن 8 — 7 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىنى، 5 — 4 مىڭ يىل ئىلگىرىلا دېھقانچىلىق ۋە قول سانائىتى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 — ئەسىردە خېشى كارىدورىنىڭ شەرقىي قىسمىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيسۇنلار باشقىلارنىڭ قىستىشى بىلەن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەن ھەم بۇ يەرنى ئۆز خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بوستانلىق ئۇيسۇن خانىنىڭ نامى بىلەن كۇنبېگ (خەنزۇچە كۇنمېي) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 176 — يىلى ھونلار ياۋچىلار ۋە ئۇيسۇنلارنى يېڭىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، قۇمۇل بوستانلىقى ھون تەڭرىقۇتى قويانىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن. خەننامىدە بۇ دەۋردىكى قۇمۇل «伊吾» دەپ قەيت قىلىنغان. بىر مۇنچە ئالىملار بۇ ئۈچ خەتنى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇچە يېزىلىشى دەپ قارايدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق بولسا قۇمۇل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى يۇرتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 60 — يىلى (خەن سۇلالىسى شېنجۆنىڭ 2 — يىلى) خون تەڭرىقۇتى باتىسخان شانشات خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولىدۇ. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلىدۇ. ئۈرۈمچى شۇ مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

x x x

شجيەنگونىڭ 5 — يىلى غەربىي يۇرت خونلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۈرۈمچىمۇ خونلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

x x x

شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 16 — يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى خونلارنى جازالاش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتىپ ئۈرۈمچى، باركۆللەرنى ئالىدۇ. قويانخان مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ. خەن سۇلالىسى «جىمكۆل كاھبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلىپ ئۈرۈمچىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدۇ.

x x x

شەرقىي خەن سۇلالىسى جيەنچۇنىڭ 2 — يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ خانى جاڭدى ئۈرۈمچىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىكار قىلىپ، ئەمەلدار — لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ. هونلار لەشكەر ئەۋەتىپ ئىۋىرغولنى يەنە ئىگىلىۋالىدۇ.

x x x

شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈەنچۇ، يەنگۋاڭ، يوڭجيەن، ياڭجيا، يۈەنجيا يىللىرىدا ئۆز ئارا ئۇرۇش — تالاش قىلىش، بىرلىشىش، بۆلۈنۈش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە ئەسلىگە كېلىدۇ. جىمكۆل، ئىۋىرغول، كاھىبگى تەسىس قىلىنىدۇ.

ئىۋىرغول لياڭجۇ ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ ھەم ئالدىنقى لياڭ جيەنشىڭنىڭ 5 — يىلىدىن شىڭپىڭنىڭ 20 — يىلىغىچە (مىلادى376 — 173) ئالدىنقى لياڭ ئىۋىرغول كاھىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدۇ. كېيىنكى لياڭ تەيشەننىڭ 1 — يىلى ( 386 —يىلى) ئىۋىرغول كېيىنكى لياڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ. كېيىنكى لياڭ شيەننىڭنىڭ — 2 يىلى ( 400 —يىلى) ئىۋىرغول غەربىي لياڭنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ.

x x x

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەنشىڭنىڭ 5 — يىلى (مىلادى — 402 يىلى) ئاۋارلار غەربتە كېنگىتتىن تارتىپ شەرقتە چاۋشەنگىچە، جەنۇبتا چوڭ چۆلگىچە بولغان زېمىندا قاغانلىق

قۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئاۋار قاغانلىقىغا تەۋە بولىدۇ.

489 — يىلى ئاۋارلارنىڭ ئىلكىدىكى ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ باشلىقى گاۋگوزى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۇيغۇر ئايمىقى تەسىس قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا پىشامشان ئۇيغۇرلىرى ئۇيغۇرلىنى ئىشغال قىلىپ لاپچۇق شەھىرىنى بىنا قىلىدۇ.

x x x

583 — يىلى غەربىي تۈرك قاغانلىقى ئاپار، تاردۇ قاغانلار زامانىسىدا كۈندىن — كۈنگە كۈچىيىدۇ. ئۇيغۇر غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا بېقىنىدۇ. 605 — يىلى تۈرك قاغانلىقىغا ئالىپ ئەركىن تېكىن، چۇ يابغۇ بانادىر قاغان بولغاندا، ئۇيغۇر شۇ قاغانلىققا قارايدۇ. 610 — يىلى ئۇيغۇر ئايمىقى رويان (ھازىرقى تاشۇيلىق) بازىرىنى تەسىس قىلىدۇ.

x x x

630 — يىلى ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ سەركەردىسى شى ۋەننيەن يەتتە شەھەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئاستانە ئۇيغۇر ئايمىقىنى تەسىس قىلىدۇ. 632 — يىلى ئاستانە ئۇيغۇر ئايمىقى ئۇيغۇر ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر، رويان (تاشۇيلىق) لاپچۇق ناھىيىلىرى قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



742 — يىلى ئۇيغۇر ئايمىقى ئۇيغۇر ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. بېشبالىق ھەراۋۇل بېگى بايقان تيانشان، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇيغۇر قوجو ئايماقلىرى تەۋەسىدە تۇرىدۇ.

x x x

840 — يىلى قوجونى مەركەز قىلغان ھالدا ئىدىقوت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇر ئىدىقوت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.

x x x

1281 — يىلى گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى قۇرۇلىدۇ. قومۇل گەنسۇنىڭ باشقۇرشىدا بولىدۇ. شۇ چاغدا قومۇلنىڭ باشلىقى ئېلىن تېكىن ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇيغۇر قومۇل دەپ ئاتىلىدۇ.

x x x

1390 — يىللىرىدا قومۇلنىڭ ۋاڭى ئۇرناشىل ئىدى. — 1393 يىلى ئۇرناشىل ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى ئەنىق تېمۇر ۋاڭ بولىدۇ. 1405 — يىلى ئەنىق تېمۇر ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ جىيەنى توقتو ۋاڭ بولىدۇ. 1411 — يىلى توقتو ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى تۆرى تېمۇر ۋاڭ بولىدۇ.

1425 — يىلى تۆرى تېمۇر ئۆلىدۇ. 1427 — يىلى توقتونىڭ ئوغلى بۇداشىر ۋاڭ بولىدۇ. بۇدا شىر كىچىك بولغاچقا، تۆرى تېمۇرنىڭ ئوغلى توغان تېمۇر يۇرتنى بىرلىكتە باشقۇرىدۇ. 1437 — يىلى توغان تېمۇر ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى توقتو تېمۇر ۋاڭ بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمۇ ئۆلىدۇ.

1440 — يىلى بۇداشىر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى داۋاداشىر ۋاڭ بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتايدۇ. ھەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ.

x x x

1443 — يىلى ئويراتلار قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ كاتتا زاتلارنى ۋە 50 نەچچە كىشىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. خەنزۇلاردىن 3 مىڭدىن ئوشۇق كىشى قۇمۇلغا كۆچۈرۈلىدۇ. لېكىن قۇمۇل ۋاڭى بۇلاردىن مىڭدەك كىشىنى سەمەرقەنتكە سېتىۋېتىدۇ.

x x x

1457 — يىلى داۋاداشىر ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى بۇراق ۋاڭ بولىدۇ. 1460 — يىلى بۇراق ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا ئۇنىڭ ئانىسى نوۋىل داشىر دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. كۆپ ئۆتمەي شىمالدىكى ئويراتلار قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق — تۇغقانلىرى، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنشىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



يۇمىنىنىڭ غەرب تەرەپلىرىگە قېچىپ كېتىدۇ. 1466 — يىلى ئويراتلار چېكىنىدۇ. ۋاڭنىڭ ئانىسى ئادەملىرىنى باشلاپ قومۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. 1467 — يىلى توغان تېمۇرنىڭ قىز نەۋرىسى تۇتۇق ۋالىي، توڭچى باتامۇر ئوڭ قول تۇتۇق ۋالىي بولۇپ يۇرتنى باشقۇرىدۇ. 1472 — يىلى باتامۇر ئۆلىدۇ.

x x x

1473 — يىلى تۇرپان سۇلتانى ئەلى لەشكەر تارتىپ، قومۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، قومۇل ۋاڭىنىڭ ئانىسىنى ۋە تامغىسىنى بۇلاپ كېتىدۇ. سىڭلىسىنىڭ ئېرى يالاننى قومۇلنى ساقلاشقا قويىدۇ.

1482 — يىلى باتامۇرنىڭ ئوغلى خەنشىن ئون مىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ قومۇلنى قايتۇرىۋالىدۇ. خەنشىن قومۇلغا ۋاڭ بولىدۇ. خەنشىن قومۇلنىڭ بىردىنبىر ئويغۇر ۋاڭى ھېسابلىنىدۇ. 1488 — يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇرپانلىق ئەھمەد خەنشىن بىلەن قۇدىلىشىمەن دېگەن بانا بىلەن قومۇلغا ئەسكەر تارتىپ كېلىپ خەنشىننى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ.

x x x

1489 — يىلى خەنشىننىڭ ئىنىسى يانقىبۇللا تۇتۇقلۇققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. تۇرپانلىق ئەھمەد بۇلاپ كەتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

1492 — يىلى ئەسكىرىي ۋازارەت بېگى ماۋىنشى قۇمۇلدا خۇيخۇيلار، قاراخۇيلار، ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل مىللەت ياشايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ خانغا يازغان مەكتۇبىدا «دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئەۋلادىنى ۋاڭلىققا قويۇش لازىم» دېگەن تەكلىپنى قويىدۇ. خان يارلىق چۈشۈرۈپ چۈشەن خانىنىڭ جەمەتىدىن بولغان ۋاڭ توقتونىڭ جىيەن نەۋرىسى شانبانى سادىق ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

x x x

1493 — يىلى تۇرپانلىق ئەھمەد قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىپ ئامولانىنى ئۆلتۈرۈپ ۋاڭ شانبانى تۇرپانغا ئېلىپ كېتىدۇ. يالاننى يەنە قۇمۇلنى ساقلاشقا قويىدۇ.

x x x

1498 — يىلى ئەھمەد شانبانى ۋە قۇمۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. 1504 — يىلى خەنشىننىڭ نەۋرىسى ئەھمەتنىڭ ئوغلى چىن تېمۇر قۇمۇلنى باشقۇرىدۇ.

x x x

1505 — يىلى شانبا ئۆلىدۇ. ئوغلى باياچى ۋاڭ بولىدۇ ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1513 — يىلى بايياچى تۇرپان ۋالىيسى مەنسۇر بىلەن بىرلەشتى. مەنسۇر خوجا تاجىددىننى قۇمۇلدا تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

x x x

1514 — يىلى ئويراتلار جەنۇب تەرەپتىن قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى. مەنسۇرخان ئويراتلارنى مەغلۇپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەنسۇرخان، چىن تىمۇرلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

x x x

1525 — يىلى تۇرپانلىق يالان قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالدى. 1545 — يىلى تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى مەنسۇر ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى شاھ ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولدى. ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد ئاكىسىنىڭ سۇلتان بولغانلىقىغا قايىل بولماي ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ قۇمۇلنى بۆلىۋالدى.

x x x

1607 — يىلى قۇمۇل يەكەن خانلىقىنىڭ تەسىرى دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ، قۇمۇلنىڭ سەردارى بابايخان ئىدى.

1679 — يىلى جۇڭغارخانى غالدان 30 مىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىپ، تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى بېسىۋالىدۇ. قۇمۇل خەلقى جۇڭغارلارنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي كەينى — كەينىدىن ئەنشى، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ.

x x x

1696 — يىلى ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىڭ سۇلالىسىگە ئۆتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى خانى ئۇنىڭغا جاساق مەنسىپى بېرىپ مۆھۆر، تۇغ تارتۇق قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «قۇمۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلار

## قۇمۇل — قارامىل

مىلادى 1763 – يىلى (چيەنلۇڭ خان زامانىسىدا) بېيجىڭدە تۈزۈلگەن «غەربىي رايون تىللىرىدىكى جۇغراپىيىلىك نامىلار» دېگەن كىتاپتا قۇمۇل توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلغان: «قۇمۇل — ئۇيغۇرچە قارامىل دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. قارا — بىر نەرسىگە قارىماق مەنىسىدە بولۇپ، مىل — ئېگىز قورغان، تۇر (تۇرا) دېمەكتۇر. بۇ يەردە يىراقلارغا قاراش، يەنى يىراقنى كۆزىتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئېگىز تۇرالار بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ نامى شۇنداق ئاتالغان» دېيىلگەن. ھازىرقى خەنزۇ تىلىدىكى «خامى» ئەنە شۇ (Hayemile) سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

## قۇمۇل — قۇم مول

قۇمۇلنىڭ ئاتىلىشى ھەققىدىكى بۇ خىل قاراش قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، «قۇمۇل» سۆزى «قۇم مول» دېگەن سۆزدۇر. ئۆز ۋاقتىدا قۇمۇلنى قۇم بېسىپ تۇرغان بىر شەھەر ئىدى، دېيىشىدۇ. 30 – يىللاردىن بۇرۇن قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا قۇم بارخانلىرى، قۇم تۇزلەڭلىكلىرى بار ئىدى.

## قۇمۇل — قەم مول

بۇ خىل قاراش موڭغۇلچە «قەم» سۆزىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، «قۇمۇل» سۆزى «قەم مول» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. «قەم» سۆزى موڭغۇلچە «مىۋە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېمەك، «قەمول» — «مىۋە مول» دېگەن سۆز. قۇمۇلنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن قارىغاندا قۇمۇل ھەقىقەتەن خىلمۇ — خىل مىۋىلەرنىڭ ماكانى ئىكەنلىكى ئېنىق.

## قۇمۇل — قام مول

بۇ سۆز چاغاتاي لۇغىتىگە ئاساسلانغان بولۇپ، «قۇمۇل» دېگەن نام «قام مۇل» دېگەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن ياسالغان. «قام» سۆزى چاغاتاي تىلىدا «تىۋىپ، ھېكىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، ئەقىللىق ... دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ». «قاممۇل» دېمەك، دانىشمەن، پەيلاسوپ، ئەقىللىقلارنىڭ شەھىرى دېمەكتۇر، دېيىشىدۇ. تارىخچى موللا مۇسا سايرامى قۇمۇل خەلقىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «... ئەقىدىلىرى تازا، ئىخلاسلىرى بىئەنداز، شەرىئەتكە رىۋاجى ئۆلىما، ھەممىسى موللا، پەرھىزخان ...». «قۇمۇل خەلقى ئىچىدە ئالىملار، مولللار، ساۋاتلىقلار كۆپ، ساۋاتسىزلار كەمدىن كەم ئىكەن».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قۇمۇل — قەۋۇم بول

بۇ خىل قاراشمۇ چاغاتاي لۇغىتىگە ئاساسلانغان بولۇپ، «قۇمۇل» دېگەن سۆز «قەۋۇم بول» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «قەۋۇم بول» دېگەن سۆز چاغاتاي تىلىدا «پىرقە، توپ، جامائەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «قەۋۇم بول» دېگەن سۆز «ئاھالىسى كۆپ جاي» دېمەكتۇر. «قۇمۇل» شۇ سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

## قۇمۇل — قامىل

مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى تارىخچى موللا مۇسا سايرامى (1840—1915) ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» ناملىق كىتابىدا: «قۇمۇلنىڭ قەدىمىي نامى ‹قامىل› ئىدى، ‹قامىل› كونا تۈركىي تىلىدىكى ‹قامىل› دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ ‹قورغان› مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان ئىدى.

قەدىمكى قۇمۇلدا يىراقلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئېگىز تۇرالار ناھايىتى كۆپ ئىدى. «قورغان»، «تۇرا» بىر مەنىدىكى سۆزلەر بولۇپ، قۇمۇلنىڭ ئەينى چاغدىكى ستراتېگىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا قۇمۇل نامى «قامىل» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## قۇمۇل — كۇنمۇلى

قەدىمدىن تارتىپ ھون، ئۇيسۇن، ياۋچى، تولۇس

قەبىلىلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 — 6 ‑ ئەسىرلەرگىچە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى، گەنسۇ، خېشى كارىدورى ئەتراپى، دۇنخۇاڭ چىلىيەنشەن تاغلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان ئىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە يېزىلىشىچە غەربىي رايون بويىچە ئۇيسۇنلار نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلار بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپى، چۇ، تالاس دەريا ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان زېمىنلاردا ياشايتتى، ياۋچىلارمۇ ئۆز زامانىسىدا ئۇيسۇنلار بىلەن بىر دەۋردە قوشنا بولۇپ ياشايتتى. ئۇلارمۇ خۇددى ئۇيسۇنلارغا ئوخشاش ئۆز پادىشاھلىرىنى «كۇنمۇ»، پادىشاھلىرى تەختتە ئولتۇرغان جايلارنى «كۇنمۇلى» دەپ ئاتىشاتتى. يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا ئاساسەن پروفېسسور جاڭ شەن «قۇمۇل» سۆزى قەدىمكى «كۇنمۇلى» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن يەكۇننى چىقىرىدۇ.

## قۇمۇل — ئىۋىرغول

تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن (618 — 580) قۇمۇل رايونىدا ئىۋىرغول ئوبلاستى تەسىس قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان، شۇنداقلا بۇ ۋىلايەت ھەم ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نەمۇنىسى دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىۋىرغول خەنزۇچە يىۋۇلو دەپ ئاتىلىپ، قۇمۇل رايونىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. مىلادى 73 ‑ يىللاردا ئىۋىرغول بەش رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان، بۇ شەھەر مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ «غەربىي رايون دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان. 610 ‑ يىللاردىن كېيىن ئىۋىرغول ئاراتۇرۇكنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## «قۇمۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى يەنە بىر مۇلاھىزە

قۇمۇل ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «كۇنۇۋ» (« 昆吾 » ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىدە) دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە «يىۋۇلۇ» (« 伊吾卢 » ئىۋىرغول)، «يىۋۇ» (伊吾)، يىجۇ (伊洲) دەپ خاتىرىلەنگەن، هازىرقى نامى (哈密) خېتىنىڭ ئەسلى تولۇق يېزىلىشى خامىلى « 哈密力 » ئىدى. بۇ ئۈچ خەت يۈەن سۇلالىسىدىن تاكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە« 哈密力 »، « 渴密里 »، « 感木鲁 »، « 合迷里 »، « 哈梅里 » شەكىللىرىدە خاتىرىلىنىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە خەنزۇ تىلىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاخىرقى « (力) 里» خېتى قىسقارتىلىپ هازىرقى « 哈密 » خېتىگە ئىخچاملانغان.

1891 — يىلى ن. م. يادرىنتسېۋ تەرىپىدىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئونگىن دەريا بويىدىن تېپىلغان كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ «ئونگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئوڭ تەرەپ 1 — قۇرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «قامىل (قۇمۇل) شەھىرىگە هۇجۇم قىلدىم. ئورۇنلاشتىم، ئالدىم، قوشۇنى كەلدى، خەلقىنى يەڭدىم، بەگلىرى قاچتى». بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئورنىتىلغان ۋاقتى مىلادىي 690 — 680 — يىللار ئارىلىقىدا. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 10 — 11 — ئەسىرلەرگە ئائىت

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سالام خەتلەردە ئىككى يەردە «قامىل» ، «قامال» دېگەن يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ.

تۇرپاندىن تېپىلغان 10 — ئەسىرگە ئائىت مانى دىنىغا تەئەللۇق ھۆججەت پارچىلىرىدىمۇ تۆت نەپەر مانى مۇرىتىنىڭ ئەسلى يۇرتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى قامىل (Kamili) لىق، يەنە بىرى سۇلمى (Sulmili) لىق دېيىلگەن. ئىتالىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو (1254 — 1324) ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە قۇمۇلنى «قامۇل» (Kamul) شەكلىدە خاتىرىلىگەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىنكى چاغاتايچە ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قۇمۇل «قامۇل» تەرىزىدە يېزىلغان قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ (1780 — 1813) دەۋرىدە تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك «باياز» ناملىق توپلامنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى بولغان شائىر مىرزا ئابىد ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ئانا يۇرتى «قامۇل (قاملى) » نى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن. مەشھۇر تارىخچى، ئالىم موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە «قۇمۇل» نى بىردەك «قامىل» شەكلىدە تىلغا ئالىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «قامىل، قامال، قامۇل» ئاتالغۇلىرى ھازىرقى «قۇمۇل» نامىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «خاملى» بولسا يۇقىرىقى ئاتالغۇلارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قۇمۇل — قەدىمكى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان مەركىزىي شەھەر

قۇمۇلنىڭ نامى مەيلى قامىل، قامۇل، قارامىل، كۈنمىل ياكى كۈنمۈلى بولسۇن، بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر ناھايىتىمۇ يىراق دەۋرلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئەھۋال قۇمۇلنىڭ ناھايىتى قەدىمىي شەھەر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ئالغاندىمۇ ئۇ قەدىمدىن تارتىپلا غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ يەر ئارقىلىق شەرقتە قىتان (لياۋ) پايتەختى شياڭجىڭغىچە، شىمالدا سۇڭ پايتەختى بيەنجىڭغىچە (كەيفىڭ) باراتتى. دەسلەپتە يىپەك سودىسى بىلەن نام قازانغان بۇ قاتناش يولى ئارقىلىق قىتان خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قارا خانىلارنىڭ غەربتىكى ئىران، ھىندىستان، ئەرەب، فرانسىيە بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىمۇ ناھايىتى قويۇقلاشقانىدى. شۇڭلاشقا ئەينى دەۋردە مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان قۇمۇل شەھىرى ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئەڭ مۇھىم مەركىزىي شەھەرگە ئايلانغانىدى. ئىتالىيە ساياھەتچىسى ماركوپولو خەلقئارا سودا بولىدىغان مەركەزلەرنىڭ ئىچىگە قۇمۇلنى ئالاھىدە كىرگۈزگەنىدى، تارىخچى گۇباۋ ئېيتقاندەك ئىۋىرغول (قۇمۇل)، قوجۇ (تۇرپان) كۇچار، سولى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) قەدىمكى يىپەك يولى

ئۇستىگە جايلاشقانلىقتىن شەرق بىلەن غەرپنىڭ ئىقتىسادى مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغاندى.

## قۇمۇلدىكى قەدىمكى كارۋان يوللىرىنىڭ غول ۋە تارماق لىنىيىلىرى

1 — لىنىيە: قۇمۇلدىن چىقىپ ئەلكەتۇرا، قارا تالتۇرا، بوغازغا بېرىپ شەرققە بۇرۇلۇپ قاش، ئاچچىقسۇ، داشۇي، دۇدۇشۇي، لۇبەندىڭ، چىڭتۇرشا ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يول بىلەن بوغازدىن غەربكە قايرىلىپ ئەللىك غوجام، قارا دۆۋە ۋە ئەسكى شار (ئەسكى شەھەر)، شەھىرى كۆتەك ئارقىلىق قەدىمكى كىروران ئېلىگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ يول قەدىمكى بوستانلىق يولىدۇر. بوستانلىق يولىنىڭ جەنۇبىدا 30 كىلومېتر كېلىدىغان قۇملۇق بار. بۇ يولمۇ غاز بۇلاق ئارقىلىق غەرب، شەرققە بۆلۈنۈپ، شەرقى تەرىپى بىلەن دۇنخۇاڭغا، غەرب تەرىپى بىلەن كىروەن ئېلىگە بارغىلى بولىدۇ. يەنە بىر يول — قۇمۇلدىن چىقىپ لەنگەر، قارا مۇقچا، سايبۇلاق، تۆگىچى بۇلاق، لوكوشۇي بىلەن دۇنخۇاڭغا بارغىلى بولىدۇ.

2 — لىنىيە: قۇمۇلدىن چىقىپ لەنگەر، ئۈزۈنسۇ (قارامۇقچا) سايبۇلاق، تۆگىچى بۇلاق، ئاچچىقسۇ، شاچەنزى بۇلاق ئارقىلىق شىڭشىڭشا (يۇلتۇزتاش جىلغا) غا بارغىلى بولىدۇ. يەنە بىر يول لەنگەر، قارامۇقچا ئارقىلىق شەرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شىمالغا سوزۇلۇپ ئوتتۇنۇزا ئارقىلىق يالغۇز تۈيۈن ئۈيغۇر دەرياسى، خوتۇنبۇلاق بىلەن مىڭشۇيگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ يولنىڭ بىر تارمىقى قۇمۇلدىن چىقىپ ياقا بۇلاق (پالۋانتۇر)، ساقا، بۇلۇڭتوغراق، قۇمتوغراق ئارقىلىق سۆجە كارىز، تاشبېلىققا كېلىپ، شوپۇل، موغاي ئارقىلىق شىمالى يايلاق يولىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يول بىلەن يەنە تاشبالىقتىن شەرققە سوزۇلۇپ يالغۇز تۈيۈن، ئۈيغۇر دەرياسى، خوتۇنبۇلاق بىلەن مىڭشۇيگە بارغىلى بولىدۇ.

3 — لىنىيە: قۇمۇلدىن چىقىپ ئاقچۇق بىلەن كۆشۆتە، ئاقتاش ئارقىلىق شىمالىي يولغا تۇتىشىدىغان يول. بۇ يول ئاقتاشتا شەرق ۋە غەربكە بۆلىنىدۇ. شەرق تەرىپى نېرىنقىر، تۇركۆل، ئارا تۆرۈك، ئاداق، باي بىلەن موغاي ئارقىلىق شوپۇل، تاشبالىق بىلەن مىڭشۇيگە بارىدۇ. بىر تارمىقى موغاي، ئازغان بۇلاق ئۈمۈر تاغلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، تاشقى موڭغۇلنىڭ مىڭغان ئارقىلىق ئۇرخۇن ۋادىلىرىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يول يەنە ئاقتاشتا غەربكە سوزۇلۇپ، كۈيسۇ، شىرىنزا، بارىكۆل بازىرى، كۆل بويى، سارچوققا بىلەن چوڭ تاش ئارقىلىق مورىغا بارىدۇ. بۇ يولنىڭ بىر تارمىقى ئۈمۈر تاغلىرىدىن چىقىپ نومىننىڭ ئۇستى بىلەن بارىكۆلنىڭ سەنتاڭخو قەغەز ئۆي بىلەن چوڭ تاش ئارقىلىق مورىغا بارىدۇ. بىر تارمىقى كۆل بويى ئارقىلىق تەڭرى تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ توغچى ئارقىلىق بوستانلىق يولىغا تۇتىشىدۇ. بىر تارمىقى سۆجە ئارقىلىق داۋاندىن ئارتىلىپ يەتتە قۇدۇققا چۇشۇپ قۇمۇلغا تۇتىشىدۇ ياكى شۇ يول بىلەن تۇرپانغا ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ. يەنە بىر تارمىقى بارىكۆلدىن چىقىپ داخىي، سەنتاڭخو بىلەن سۇخەيتۇ ئارقىلىق

ئورخۇن ۋادىسىدىكى يوللارغا تۇتىشىدۇ. بىر تارمىقى ئورخۇن ۋادىلىرىدىن كەلگەن شىمالى ئات يولى بىلەن ئۇدىلى، تۆگە تاش، نۇم ئاداق، ئارا تۆرۈك، توركۆل، نېرىنقىر، ئاقتاش ئارقىلىق قۇمۇلغا كەلگىلى بولىدۇ.

4 — لىنىيە: قۇمۇلدىن چىقىپ تۇسقا، بىسوقاغا، ئاستانە، توغۇچى، تارانچى، يەتتە قۇدۇق ئارقىلىق تۇرپانغا بارغىلى بولىدۇ. يەنە بىر لىنىيە قۇمۇلدىن چىقىپ تۇسقا. ئەللىك خوجام، قارا دۆۋە بىلەن شەھىرى كۆنەك (ئەسكى شار) ئارقىلىق قەدىمكى كىرورەن ئېلىگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ يول قارا دۆۋىدە شىمالغا بۆلۈنۈپ لاپچۇق، تارانچى، 13 ئېغىزلىق ئۆي بىلەن تۇرپانغا بارىدۇ. يەنە بىر تارمىقى بىلەن يەتتە قۇدۇقتا شىمالغا بۇرۇلۇپ، تەڭرى تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ مورى، گۇچۇڭلارغا بارغىلى بولىدۇ.

## قۇمۇلنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرىدىن ئۆتكەن سەيياھلار

قۇمۇل يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگىنى بولۇش بىلەن بىرگە ئۇ ھەم شەرقىي ھەم غەربىي دەرۋازا. قۇمۇل شەھىرى، ئاراتۆرۈك ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن قەدىمكى كارۋان يوللىرى قەدىمىلىك جەھەتتە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ بۇ يوللار «بەل يول»، «چوڭ يول»، «خان يولى»، «تۆگە يولى»، «يايلاق يولى»، «قۇم يولى»، «ئوتتۇرا يول» «ئات يولى»، «تاغ يولى»، «هارۋا يولى»، «تۇرپان يولى»، «ئۇنۇغ يول»،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ئىشەكچى يولى» ، «جىن يولى» ، قاتارلىق ھەر خىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن يوللاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يوللارنىڭ بىر قىسمى تارىخىي سەۋەبلەرنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ئۆز رولىدىن قېلىپ قالغان، بىر قىسمى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 38 — يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ دىپلوماتى جاڭ چيەن شىئەندىن يولغا چىقىپ دۇنخۇاڭ، قۇمۇلنىڭ بۇغاز يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى يول ئارقىلىق ئەسكى شار، شەھىرى كۆتەك بىلەن كىرورەنگە ئۆتۈپ كەتكەن.

شەرقىي خەن سۇلالىسى ھەربىي ئەمەلدارى بەنچاۋ مىلادى 73 — يىلى «يايلاق يولى» بىلەن مازۇڭ تاغلىرى، تاش بالىق، شوپۇل، مۇغاي ، باي، ئاراتۇرۇك، بارىكۆل قاتارلىق جايلارغا ئەسكەر باشلاپ كەلگەن.

629 — يىلى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر بۇددا راھىبى شۈەن جۇاڭ يۇلتۇز تاش جىلغا (شىڭ شىڭشا) ، ئاچچىقسۇ، تۆگىچى بۇلاق، سايبۇلاق (ساۋلاق) ، قاراموقچا، لەنگەر ئارقىلىق ئىۋىرغول (ئۇيغۇرغول) غا كېلىپ، ئىۋىرغول شاھزادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە، 13 ئېغىزلىق ئۆي بىلەن پىچانغا ئۆتۈپ كەتكەن.

شىمالى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدەئۆتكەن ساياھەتچى ۋاڭ يەندى 981 — يىلى يۇلتۇز تاش جىلغا ئارقىلىق ئاچچىقسۇ، تۆگىچى بۇلاق، سايبۇلاق، قاراموقچا، لەنگەر ئارقىلىق ئۇيغۇرغول ئايمىقىدىن ئۆتۈپ ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، 13 ئېغىزلىق ئۆي بىلەن ئىدىقۇت خانلىقىغا بارغان.

ئىتالىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو 1271 —

يىلى ئىدىقۇت خانلىقى ئارقىلىق يەتتە قۇدۇق، تارانچى، لاپچۇق، توغۇچى، ئاستانە بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ ئاندىن لەنگەر، قارامۇقچا، سايبۇلاق، ئاچچىقسۇ، يۇلتۇزتاش جىلغىسى بىلەن خانبالىققا بارغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەيياھ چىڭ چىڭ 1414 — يىلى مىڭ شۈي ئارقىلىق مازۇڭ، خوتۇنبۇلاق، ئۇيغۇر دەرياسى، يالغۇز تۇيۇم، تاش بالىق، سۆجە، سايبۇلاق، قارامۇقچا ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىپ ئاستانە، سۇمقاغا، لاپچۇق، يەتتە قۇدۇق بىلەن تۇرپانغا بارغان.

1607 — يىلى پورتۇگالىيىلىك بېنوئىت دېگوئىس خىرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە جۇڭگوغا كەلگەندە قۇمۇلدىن ئۆتكەن.

1914 — يىلى سوۋېت (رۇس) ئالىمى س. يې. مالوپ قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل شەھىرى، قارىمۇقچى، ئاقيار، تاشار، خوتۇنتام، شوپۇل قاتارلىق جايلارغا بارغان.

1928 — يىلى شىۋىتسىيىلىك بوگمان قۇمۇلغا كېلىپ قارادۆۋە قارلۇق غول ئەتراپىدىكى غارلاردىن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئالغان.

## ئوتانى قۇمۇلدا

1903 — يىلى ياپونىيە «پاك زىمىن مەزھىپى» غەربىي يىگتۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ 22 — ئەۋلات پېشىۋاسى ئوتانى قۇمۇلغا كېلىپ ئالتۇزاق، بوگور تەيزاڭ، ئارىتاملارنى قېزىپ تەكشۈرۈپ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، يازما

www.uyghurkitap.com



ھۆجەتلەرنى ئېلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى لۇشۈن مۇزىيىغا قويغان. يەنە بىر قىسمىنى ياپونىيىگە ئېلىپ كەتكەن.

## قۇمۇلدىكى ھەربىي بېكەت ۋە ئۆتەڭلەر

1736 — يىلدىن 1795 — يىللارغىچە قۇمۇلدا شەرقتە شىڭ شىڭشادىن غەربتە دېڭساۋگوغا بارىدىغان يولدا 13 ھەربىي بېكەت، شىڭ شىڭشادىن قۇمۇل ئارقىلىق سۇڭشۇتاڭغا بارىدىغان يولدا 12 ئۆتەڭ بار ئىدى. شىڭ شىڭشا بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىدىكى بىر قىسىم ھەربىي بېكەتلەر بىلەن ئۆتەڭلەر بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن، ھەربىي بېكەتلەر تۆۋەندىكىدەك: شىڭ شىڭشا (يۇلتۇزتاش جىلغا)، قۇمبۇلاق، كۇشۇي (ئاچچىقسۇ)، قۇمۇل، سۇمقاغا، توغۇچى، ئۆردەكلىك، تيەنشىڭدۇن، غازىيەندۇڭ، ئەلتۇمۇر، ساۋۇلاق، لىياۋدۇن، دېڭساۋگو، ۋۇتوڭۋۇلاردىن ئىبارەت. بۇ ئۆتەڭلەرنىڭ ئارىلىقى 60 چاقىرىمدىن، 80 چاقىرىمغىچە كېلىدۇ. قۇمۇلدىن شىمالغا قاراپ، تىيانشان تېغىدىن ئۆتىدىغان يول ئۆتەڭلىرى تۆۋەندىكىدەك: قۇمۇل، قارائۆي، كۆشۆتى، قوتانغول، سۇڭشۇتاڭ، بۇ ئۆتەڭلەرنىڭ ئارىلىقى 30 چاقىرىمدىن 50 چاقىرىمغىچە كېلىدۇ.

قۇمۇلدىن چىقىپ، تىيانشان تېغىدىن ھالقىپ بارىكۆل، گۇچۇڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول «شىمالىي يول» دەپ ئاتالغان. قۇمۇلدىن چىقىپ غەربكە مېڭىپ، پىچان، تۇرپان ئارقىلىق كۇچار، ئاقسۇغا بارىدىغان يول «جەنۇبىي يول» دەپ ئاتالغان.

## قۇمۇلدىكى تۇرالار

تۇرا — قورغان، ئىستىھكام، پوتەي، قەلئە، قالقان، مۇنار دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ. قۇمۇلنىڭ ستىراتېگىيىلىك ئورنى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا تارىختىكى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگۇچىلەر هامان بۇ جايىنى تالىشىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇرۇش ۋەھىمىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن قۇمۇلنىڭ تۆت تەرىپىدە نۇرغۇلىغان تۇرالار بىنا قىلىنغان. بۇ تۇرالارنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ قۇمۇلنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۇرالارنىڭ هازىر ساقلىنىپ تۇرغان خارابىلىرى بار. قۇمۇلدا نۇرغۇن جايلار «تۇرا» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: پالگانتۇرا (پالۋانتۇرا)، قاغۇمتۇرا، ئاقچۇقتۇرا، سايتۇرا، ئاقتۇرا، چوقايتۇرا، چاڭغۇتۇرا، چۆلتۇرا، چاشقان تۇرا، توخوتۇرا، دۆشتۇرا، ئويمانتۇرا، قومتۇرا ... قاتارلىق 70 نەچچە تۇرانىڭ ئىسمى ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## تارىخي ئىزلاردىن مىسال

ئالىم مەخمۇت قەشقىرىنىڭ دىۋانىدا كۆرسىتىلگەن ئوغۇز قەبىلىلىرى ماللىرىغا ئىشلەتكەن تامغا شەكىللىرىدىن بىر قىسىملىرىنى هازىرمۇ قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلار ئىشلىتىدۇ. دىۋاندا كۆرسىتىلگەن 7 — ئۇرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com



بەكتىلىنىڭ بەلگىسىنى «لام ئېلىپ تامغا» دەپ ئاتاپ، تيانشان گۈكۈشىسى نەرناسىدىكى ھاپىز، ياقۇپلار جەمەتى ئىشلىتىدۇ. 20 — ئۇرۇق چۇۋۇلدارنىڭ بەلگىسىنى «ئاي تامغا» دەپ ئاتاپ، ئارا تۆرۈك ناھىيە ئاداق گوكۈشىسىدىكى نىيازموللا، نۇم يېزىسىدىكى ئايبەگ قاتارلىقلار ئىشلىتىدۇ. 21 — ئۇرۇق چەپىنىنىڭ بەلگىسىنى «چىلەك تامغا» دەپ ئاتاپ، بۇ تامغىنى نەرناسىدىكى موچىن ئېلى بۇۋا جەمەتى ئىشلىتىدۇ.

# قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قۇمۇلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار ئورۇنلار

قۇمۇلنىڭ بارىكۆل، ئارا تۆرۈك ناھىيىلىرىدە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، قەدىمكى قەبرىلەر، قەدىمكى ئۆڭكۈرلەر، تاشقى چۇشۇرۇلگەن سۈرەتلەر، تاشقا ئويۇلغان خاتىرىلەر بار. بۇلار قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىگىچە بولغان جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تاش قورال دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىقلىرىدىن «تارانچى خارابى ئىزى»، «يانبۇلاق خارابە ئىزى»، «قارادۆڭ خارابە ئىزى»، ئاراتۆرۈك ناھىيىسىدىكى «قىرساي خارابە ئىزى» بار. يەنە بارىكۆل داخې يېزىسىدىكى «قەدىمكى شەھەر»، بارىكۆل شەھىرى يېنىدىكى «بارىكۆل قەدىمكى شەھىرى»، قۇمۇل قارا دۆۋە يېزىسىدىكى «لاپچۇق قەدىمكى شەھىرى» نېرىنكىردىكى «داراخلىق مازار»، قۇمۇل ئالتۇنلۇقتىكى «قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى»، «قەيس خوجام مازىرى»، تاشۋېلىقتىكى «يالغۇز تۇيۇن»، ئارىتام، تۇغۇچى رايونىدىكى بوگور، لاپچۇقتىكى جاراڭ — جورۇڭ، مامىچى تۇرا، قالما، قازما قاتارلىق گۇللۈك كىمىرلەر؛ راھەتباغ يېزىسىدىكى «قاغا» مۇنارىسى، قارا دۆۋەدىكى قەدىمى قەبرىستانلىق، ئېلىكنىڭ شىمالىدىكى ئاسلانلىق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى بار.

# قۇمۇلنىڭ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

## تاش قوراللار

1958 — يىلى يەتتە قۇدۇق، تارانچى قاتارلىق جايلاردىن تاش ئۇرۇقچا، تاش يوپۇرماق، تاش يائوقنىڭ ئۇچى قاتارلىقلار تېپىلغان. تيانشان تېغى يانبۇلاق (ئالتىزاق)، قىزىلچوققىلاردىن تاش ئوغۇر دەستىسى، توگمەن تېشى، يىرىك بىلەي تاش، تۇرنا تۇمشۇق تاش ئوتىغۇچ، تاش ساقا، تاش ئوغۇز، تاش كەتمەن، تاش جام، تۆشۈكلۈك بىلەي تاش قاتارلىقلار چىققان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، بىر قىسمى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## ساپال بۇيۇملار

قارادۆڭ، يانبۇلاق، قىزىلچوققا، ئارتام، ئېدىر قاتارلىق جايلاردىن ساپال پارچىلىرى، رەڭلىك ساپال تەشتەك، رەڭلىك ساپال جام، يالاڭ قۇلاقلىق رەڭلىك ساپال كوزا قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇ ساپال بۇيۇملار برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، بىر قىسمى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىدارىسىدا ساقلانماقتا.

## ياغاچ قوراللار

قىزىل چوققا، يانبۇلاقلاردىن قېزىۋېلىنغان، بىرونزا دەۋرىگە ئائىت ياغاچ قوراللاردىن توپا قېزىش سايمىنى (ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسى ئەگرى، ئۇچى ئۇچلۇق ئۇچ بۇرجەك شەكلىدە) ياغاچ گورجەك (ئۇزۇنلۇقى 28 . 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 16 . 5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، ئۇچى تەرىپى نېپىز بولۇپ، يۇقىرى تەرىپىدە ساپلاش ئۈچۈن تۆشۈك قويۇلغان)، بۇلاردىن باشقا رەڭدار نەقىشلىك سوغا، كىچىك ياغاچ كوزا، كىچىك ياغاچ كورۇشكا، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ تارغاق، ياغاچ قورچاق قاتارلىقلار بار. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار — ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## مىس قوراللار

قىزىل چوققا، يانبۇلاق قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە مىس پىچاق، مىس تاختا، مىستىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى، مىس ئەينەك، مىس قوڭغۇراق بولۇشتىن تاشقىرى، راھەتباغ گوڭشېسىدىن قېزىۋېلىنغان يەنە شۇ بىرونزا دەۋرىگە ئائىت مىس قوراللاردىن بۇغا باشلىق مىس

پىچاق (بىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى 36 سانتىمېتر، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى 13.5 سانتىمېتر كېلىدۇ) ھالقا دەستىلىك كىچىك مىس پىچاق، مىستىن ياسالغان يا ئوقىنىڭ ئۇچى قاتارلىقلارمۇ بار. يەنە تىيانشان، غەربىي تاغ گوڭشېلىرىدىن يىغىۋېلىنغان يۈەن، مىڭ سۇلالىرى دەۋرلىرىگە ئائىت مىس بۇتتىن تۆتى بار. يۇقىرىقى مىس قوراللار ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار — ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ساقلانماقتا.

## سۆڭەك بۇيۇملار

يانبۇلاق، قىزىل چوقىلاردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە سۆڭەك بىگىز، سۆڭەك مارجان، سۆڭەك تارغاقلار بار. بۇلارمۇ بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار — ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

## تۆمۈر قوراللار

تىيانشان تېغىدىكى ئېدىر قەدىمىي خارابىلىكىدىن چۆيۈندىن قويۇلغان ئىككى دانە ساپان چىشى تېپىلدى. يەنە چيەنلوڭنىڭ 26 — يىلى (1761 — يىلى) قويۇلغان بىر دانە چۆيۈن قوڭغۇراق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بار بولۇپ، بۇلار هازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## قەدىمكى پۇللار

1. لاتا پۇل — ئۇزۇنلىقى 7.5 سانتىمېتىر. بۇ پۇل — 1964 يىلى تارانچىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنماڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. هازىر ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

2. يارماق پۇل — بۇ پۇلنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر بولۇپ، 1980 — يىلى دۆربىلجىندىن قېزىۋېلىنغان. بۇ، شەرقىي خەن دەۋرىگە تەئەللۇق. هازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## لاي هەيكەل

1. تۇمار بۇت — ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىر. بۇ تۇمار بۇت 1982 — يىلى باغداشتىكى ئۆڭكۈردىن تېپىلغان بولۇپ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە تەئەللۇق. هازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

2. جەسەت مۇنارىسى — ئېگىزلىكى ئۈچ سانتىمېتىر. بۇ 1982 — يىلى باغداشتا تاغ ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان بولۇپ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە تەئەللۇق. هازىر ئۇ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار

1. يۇڭ رەختىن تىكىلگەن لىمچە: ئۇزۇنلىقى 35 . 1 مېتىر، ياقىسىز، تار يەڭ، يەڭنىڭ ئۇچىغا ۋە پەشىنىڭ ئاياق تەرىپىگە يۇڭ جىيەك تۇتۇلغان.

2. يۇڭ رەخ پارچىسى: بۇ رەڭلىك قىيپاش يوللۇق توقۇلغان بولۇپ، تېگى قوڭۇر، يولى بېغىرەڭ، چاقماق گۇللۇك.

3. يۇڭ كەشتە: تېگى قىزىل، كەشتىسى سېرىق. يۇقۇرىدىكى بۇيۇملار 1978 — يىلى قىزىلچوققىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق، بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار — ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

## تېرە مەھسۇلاتلىرى

1 — جۇۋا: ئۇزۇنلىقى 25 . 1 مېتىر. ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن. بۇ نەرسىلەر قىزىلچوققىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار — ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



## زىرائەت ۋە باشقا ئۆسۈملۈك تۇقۇملىرى

قىزىلچوققىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە تېرىق، بۇغداي باشقى، چۆزگۈن، قوناق باشقى، تېرىق نېنى (ئۇزۇنلىقى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر)، نان ئارىسىدىن تېرىق دانچىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ)، قومۇش بورا، چىغ بورا قاتارلىقلارمۇ بار، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار — ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە بىر قىسمى قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

## تام رەسىملىرى

بۇگوردىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇددا ئۆڭكۈرلىرىدىكى تام رەسىملىرى، توپا دۆۋىسىدىن يىغىۋېلىنغان تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرىدىن قارىغاندا، تام كاكول بىلەن سۇۋالغان، هاك بىلەن ئاقارتىلغان، رەسىملەر قىزىل، قارا بوياقلاردا سىزىلغان. ئۆڭكۈرنىڭ ئىسلىنىپ كەتكەن تېمىنىڭ تورىسىغا يېقىن قىسمىدا ئولتۇرغان بۇتنىڭ رەسىمىنى ۋە بۇد ساتىۋانىڭ بېشىدىكى نۇرلۇق چەمبىرەكنىڭ رەسىمىنى سۇس كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇگور غولىنى بويلاپ لاپچۇقنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان جاراڭ جورۇڭ، مامىچى تۇراغىچە بولغان ئارىلىقتا يەتتە ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار، بۇنىڭ تەكتى چاسا شەكلىدە، تۆپىسى گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان. ئىچ تامنىڭ يۈزىگە

بۇت رەسىمى ۋە قۇش، ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان.

ئارىتامدىكى بۇددا ئۆڭكۈرىنىڭ تورۇسىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىن قارىغاندا تۆت چەمبەر ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان بۇتلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. چەمبەرلەر ئارىلىقىغا چەمبىرەك شەكىللىك گۈل سىزىلغان.

## ئابىدىلەر

قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى خۇەنسەيگۇ دېگەن جايدا تەبىئىي كۆرۈنۈپ تۇرغان چاسىراق بىر تاش بار. بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان خەتلىك تاش ئابىدىسىدۇر. بۇ خەتلىك تاش ئابىدىسى ھەققىدە «شىنماۋ يىللىدىكى ھەمراھلىق سەپەر خاتىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، شۇن مۇ جياڭنىڭ «غەربىي يۇرت سەپىرىدىن قىسقىچە خاتىرە» سى ۋە ھازىرقى زامان ئالىمى مايۇڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ بارىكۆل، قۇمۇل دېگەن جايلىرىدىكى خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت تاشقا ئويۇلغان ئابىدىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە توپلىمى» قاتارلىق مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ خەتلىك تاشنىڭ خەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆچۈپ كەتكەن. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان خەتلىرى «خەن سۇلالىسى يۇڭخېنىڭ 5 — يىلى 6 — ئاينىڭ 15 — كۈنى پېقىر يۇنجۇڭدىكى سانەنلىك خوخو ...» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

x x x

تيانشان تېغىنىڭ چوقىسىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



قالغان بىر تاش ئابىدە بولۇپ، بۇ تيانشان ئابىدىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 50 — يىللاردا بۇ ئابىدىنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەتكەن. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئابىدىنىڭ ئېگىزلىگى 1.80 مېتر، كەڭلىكى 0.6 مېتر بولۇپ، ئابىدە يۈزىگە 28 قۇر خەت ئويۇلغان. تولۇق قۇرلىرىدا 47 دىن خەت بار. ئابىدىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە تۆت قۇر خەت ئويۇلغانبولۇپ، ھەر بىر قۇردا ئۈچتىن خەت بار. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، قوغداش سولقانات سانغۇنى جياڭ شىڭبىن بۇ ئابىدىنى ئورناتتى» دېيىلگەن. بۇ ئابىدىنىڭ تولۇق تېكىستىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىنىڭ 14 — يىلى (640 — يىلى) ئىدىقۇت ۋاڭى كۇۋېنتاي تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىپ قېلىپ، شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزوڭ خانى لى شىمىن خوجۇنجىنى يارغولغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئالىي باش بۇغىلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇلار ئەسكەر باشلاپ ئىدىقۇت دۆلىتىگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. جياڭ شىنبىڭنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن قومۇلدىكى تيانشان تېغىنىڭ شىمالىدىكى قوۋۇق ئېغىزىدا ئۇسكۈچ ھارۋا ۋە پالاخمان قاتارلىق شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قوراللارنى ياسايدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ تاشقا ئۇرۇش جەريانىدىكى تۆھپىلەر، جىددى ئېلىشىشلار ئويۇپ قالدۇرۇلىدۇ. ۋاقتى تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 14 — يىلى 6 — ئاينىڭ 25 — كۈنى دەپ خاتىرىلىنىدۇ.

x x x

قۇمۇلنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ۋاڭى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، كاڭشىنىڭ 45 — يىلى ( 1706 — يىلى) بېيجىڭدىن خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ جاساق ئوردىسىنى ياساتقان. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن بۇنىڭ جەريانىنى تاش ئابىدىگە ئويۇپ خاتىرە قالدۇرغان. ئابىدىنىڭ تېكىستى ئەرەبچە يېزىلغان. مەزمۇنى مۇنداق: «پادىشاھلارغا لايىق ئالامەتلەرگە ئىگە، جەمشىتتەك كۆركەم، دارادەك قۇدرەتلىك، باشقىلارغا ياردەم قىلغۇچى مۇھەممەد شاھى بەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا بەگ (ئاللا ئۇنى ھەر ئىككى ئالەمدە ئامان قىلغاي) بېيجىڭ خانىدىن خەنزۇ ئۇستىلارنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە شەھەرنىڭ زىننىتى ئۈچۈن بۇ ئالىي ئىمارەتنى بىنا قىلدى.

تارىخىي ھىجرىيە 1118 — يىلى (بېلىق يىلى) تامام بولدى. بۇ ئابىدە ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

x x x

يۇقىرىقىلاردىن باشقا 500 يىللىق تارىخقا ئىگە قۇمۇل كونا مەدرىسى تاش ئابىدىسى، جۈمە مەسچىت تاش ئابىدىسى، تورپاق قوزغىلىڭى تاش ئابىدىسى، باغداش باغ ھۇل تېشى تاش ئابىدىسى، قىرچىماق غول ساناقچى بەگلەر تاش ئابىدىسى، ھېيتگاھ مەسچىت تاش ئابىدىسى، ئارىتام مىڭ ئۆيلەردىن چىققان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاش ئابىدە، لەنگەر خوجام تاش ئابىدىسى، غۇلام مۇھەممەد تاش ئابىدىسى قاتارلىقلار بار.

## بالباللار (تاشتىن ئويۇلغان ئادەم)

قەدىمكى تاشتىن ئويۇلغان ئادەم ھەيكەللىرى قۇمۇلنىڭ باركۆل، باغداش تاغلىرىدىن تېپىلدى. باركۆلدىكى بىر يېزىنىڭ نامى ھازىرمۇ بالبال يېزىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بالباللار كۆلرەڭ سىپتا تاشقا چېكىلگەن بولۇپ، قېشى قويۇق، كۆزى يۇمۇلاق، قاڭشارلىق، ئېغىزى كىچىك، بۇرۇت — ساقاللىرى يوق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## قەدىمكى جەسەتلەر

1978 — يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئاسار — ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئەترىتى قىزىلچوققىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن ئۈچ قەدىمىي جەسەتنى قېزىۋالغان. ھازىر ئۇنىڭ بىرى شاڭخەي تەبىئەت مۇزېيىدا، يەنە بىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، يەنە بىرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا قويۇلغىنى ياش ئايالنىڭ پۈتۈن جەستى بولۇپ، ئۇ ئۆلگەن چېغىدا تەخمىنەن 20 ياش، بويىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر 57 سانتىمېتىر، جەسەت يېنىچە پۈكلەپ قويۇلغان. ئۇنىڭ بېشى، گەۋدىسى، پۇت — قوللىرى،

چېچى، مۇسكۇل — تېرىلىرى ۋە پۇت — قوللىرىنىڭ تىرناقلىرى شۇ پېتى تۇرغان. قوڭۇر سېرىق چېچى كۆپتۈرۈپ تۈرۈلگەن. كەينىدە ئۈچ ئۆرۈم چېچى بار.

گۆردىكى ھەر بىر جەسەتنىڭ بېشىدا كىگىز بۆك بار. ئۈچىسىغا يۇڭدىن توقۇلغان ئۇزۇن چاپان كىيگۈزۈلگەن. بېلىگە بەلباغ باغلانغان. ئۈستىگە قوي تېرىسىدىن جۇۋا، پۇتىغا ئۇزۇن قونچىلۇق ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن، جەسەتلەرنىڭ يېنىغا سوغا، ياغاچ تارغاق، ياغاچ قوشۇق، ساپال كوزا قاتارلىقلار قويۇلغان. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ جەسەتلەرنىڭ مۇندىن 3200 يىل بۇرۇنقى جەسەتلەر ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# قۇمۇلنىڭ قىياتاش رەسىملىرى تارقالغان جايلار

(1)

تاشۋېلىق گوڭتېپىسىنىڭ تەخمىنەن 3 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان تۆت كىچىك تاغدا كۆلرەڭ تاشلارغا ئويۇلغان 500 دىن ئارتۇق رەسىم بار. بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئۆچكىسى، بۇغا، ئات، ئىت، ئېيىق، بۆرە، يولۋاس قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى؛ يالغۇز ئوۋچى ۋە ئىككى ئوۋچىنىڭ رەسىمى بار. ئوقيا ئاساسلىق ئوۋ قورالى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھارۋىنىڭ رەسىمىمۇ بار. بۇ ئاق تاغدىكى (بەيشەن) تاشقا ئويۇلغان رەسىملەردۇر.

(2)

شوپۇلدىن يالغۇز تۇيۇمغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 50 كىلومېتىرچە كېلىدىغان پەسىللىك ئېقىننىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئۆچكىسى، ياۋا تۆگە، كالا، ئات، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى، ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، جەڭ قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ رەسىملىرى بار. تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر تاشۋېلىقتىكى توگوڭ ئېغىزى ۋە جياگو (بەلسۇنغان) ئەتراپلىرىغا بىر قەدەر زىچ جايلاشقان. ئېقىننىڭ شەرقىي ياقىسىدىكى ئېگىزلىكى تەخمىنەن

بىر مېتر كېلىدىغان يوغان قارا تاشتا 12 ئاتلىق ئەسكەرنىڭ نەيزە كۆتەرگەن هالدا يەنە بىر ئاتلىق ئەسكەرنى قورشىۋالغانلىق كۆرىنىشى ئويۇلغان رەسىملەرمۇ بار.

(3)

تيانشان گوڭشېسىنىڭ تۆمۈرتى، نېرناسى، نېرىن، قىزىلىيار، قوراي ۋە ئاقتاش قاتارلىق جايلىرىدا تاشار (تاش شەھەر) خوتۇنتام، شوپۇل، تاشبېلىق (تاشبالىق) مازۇڭ تاغلىرى، غەربىي تاغ گوڭشېسىنىڭ ئۆرۈكلۈك، تاراتى دېگەن جايلىرىدا، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باغداش، ئارىتام قاتارلىق جايلىرىدىمۇ تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر بار. ئۇلاردىن باشقا يەنە بارىكۆل (يولۋاس كۆل) نىڭ سارچوقا، ئاشخارا تاغلىرى، لىجاۋەن، باچاڭزا؛ ئاراتۆرۈك ناهىيىسىنىڭ ئىمىر تاغلىرى (ئۆمۈر تاغلىرى)، نېرىنكىر تاغلىرى، تۇركۆل (تۇزكۆل) تاغلىرى، ئارا تۆرۈك، تۇخولو (توپ ئۆيلەر) يېزىسى؛ مۇغاي تاغلىرى قاتارلىق جايلاردىمۇ بار.

## قۇمۇلنىڭ قىياتاش سەنئىتىدىكى هەر خىل رەسىملەر

1. هەر خىل هايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى — قوي، بۇغا، ئۆچكە، جەرەن، يىلان، تاغ تېكىسى، تۆگە، يولۋاس، غولجا، يىلپىز، ئىت، ئېيىق، ئەجدىها، بۆرە، كالا، ئات، ئېشەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇلكە قاتارلىقلار ئويۇلغان.

2. قەدىمكى ئادەملەرنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر — ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، ئۆز ئارا ئۇرۇشۇۋاتقانغا ئوخشاش.

3. ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن سۈرەتلەر.

4. جەڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىپادىلەنگەن سۈرەتلەر.

5. تامغا، بەلگە، تارىخىي يېزىقلار، خەرىتىلەر ئىپادىلەنگەن سۈرەتلەر.

6. قەدىمكى ھارۋا ياساش تېخنىكىسى كۆرسىتىلگەن سۈرەتلەردىن ئىبارەت.

## «قارلۇق غول» ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

قارلۇق غول ئەتراپىدىكى قەدىمكى تۇرالار، بۇددا دىنى خارابىلىرى، بولۇپمۇ تەيزاك بۇددا مىڭ ئۆيلىرى ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئۇلار، ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن خېلى ئىلگىرى بىنا قىلىنغان. بۇ غول ئەتراپىدا ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە غارلاردىن ئوتتۇزدىن ئارتۇق غار بولۇپ، بۇ غارلاردىكى تام سىزما رەسىملىرى، قىممەتلىك يازما ھۆججەتلەرنى 1928 — يىلى كەلگەن شىۋىتسىيىلىك بوگمان 56 ساندۇقتا قاچىلاپ، تۆگە بىلەن دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەن. يەنە بىر يەردىكى قەدىمىي تۇرالاردا نۇرغۇنلىغان قەدىمىي يېزىقلار ۋە تام سىزما رەسىملەر بار بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

ئاشۇ زېمىننىڭ خوجايىنى بولغان قارلۇقلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ئانا غول ياقىسىدىن 3200 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى قەبرىلەر تېپىلغان ھەمدە ئۇ قەبرىلەر ئىچىدىن ھەر خىل تاش قوراللار، مىس قوراللار ھىقىق ۋە باشقا قىممەتلىك يادىكارلىقلار چىققان.

ھازىرمۇ قارا دۆۋىدە قارلۇق مەھەللىسىنىڭ بارلىقى ۋە قارلۇق لەقىمى بىلەن ئاتىلىدىغان بىر جەمەتنىڭ بارلىقى بايقالدى. ئۇ كىشىلەر دائىم ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا قارلۇق ئاتالغۇسى قوشۇپ ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

## قۇمۇلدىن تېپىلغان قەدىمكى ئەسەر «مايترى سىمىت»

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما «مايترى سىمىت» (مايترى بىلەن ئۇچرىشىش) 27 پەردىلىك چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرىدۇر. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەر، يەنى زور ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەردە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق، بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قۇتقازغۇچى ئىلاھ — كەلگۈسى بۇرخان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. «مايترى سىممىت» نىڭ قۇمۇلدىن تېپىلغان نۇسخىسى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 9 — 13 — ئەسىرلەر) نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇتاش يىگەن تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ قۇمۇلدا تېپىلغان نۇسخىسى مۇكەممەللىك جەھەتتە گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا نۇسخىلاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنى يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما نۇسخىسىنى 1959 — يىلى 4 — ئايدا، قۇمۇل ناھىيە تيانشان گوڭشې تۆمۈرتى دادۈي باش تۇرا (باش مەھەللىدىكى ئۇيغۇر چارۋىچى يەھيا رىھىم مال بېقىپ يۈرۈپ تۆمۈرتىنىڭ «كىچىك داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان قارىغايلىق ئىدىرىدىن تېپىۋالغان. ئەسلىدە بۇ ئەسەر كىگىزگە يۆگىلىپ تاشلار ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىكەن. يەھيا رىھىم بۇ ئەسەرنى شۇ چاغدىكى قۇمۇل مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل ئىبراھىمغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. 1959 — يىلى 8 — ئايدا ئىسمايىل ئىبراھىم ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ئىشلەيدىغان يولداش سايىتقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەر جەمئىي 293 ۋاراق، 586 بەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي ساق ۋە ئاساسەن ساق بەتلىرى 14 بەت، ھەر بىر ۋاراقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47.15 سانتىمېتر، كەڭلىكىدا يېزىلغان، قەغىزى قېلىن ھەم قاتتىق، رەڭگى ئاچ سېرىق، بەتلەرنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن گىرۋىكىدە سۇس قارا سىزىق بار. ھەر بىر قۇرنىڭمۇ سىزىقى بار بولۇپ، ئارىلىقى 1.5 سانتىمېتر. كىتاب تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان،

ھەر بىر ۋاراقنىڭ 8 — قۇردىن 10 — قۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا سىزىلغان سۇس قارا چەمبىرەك بار، دىئامېتىرى تەخمىنەن 4.6 سانتىمېتر، ئوتتۇرىسىدا دىئامېتىرى 0.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان يىپ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈك بار. ھەر بىر ۋاراقنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ چەپ تەرىپىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كىچىك قارا خەت بىلەن ئەسەر (پەردە) سانى ۋە بەت سانى يېزىپ قويۇلغان. بۇ كىتابتا ۋاراقنىڭ ھەر ئىككى بېتىگىلا خەت يېزىلغان. كۆپىنچە بەتلەرگە 30 قۇر، ئاز ساندىكىسىگە 31 قۇر خەت يېزىلغان، بەزى پەردىلەرنىڭ باشلانغان قىسمىدا قىزىل سىياھ بىلەن ئويۇن ئورۇنلانغان مەيدان ئورنى ئىزاھلانغان.

## زاڭزۇ يېزىقىدىكى بۇددا نومى

1983 — يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تيانشاندىكى تۆمۈرتىدىن ئېگىزلىكى-تەخمىنەن 12 سانتىمېتر كېلىدىغان، ئوتتۇرىسى كاۋاك، تەكتىدە قاپقىقى بار بىر مىس ھەيكەلنى تېپىۋالغان. ھەيكەلنىڭ ئىچىدە قېيىن دەرىخى قوۋزىقىغا زاڭزۇ يېزىقىدا يېزىلغان بىر ئورام بۇددا نومى توپلىمى، قەغەزگە سىزىلغان 22 پارچە بۇت رەسمى بار ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قومۇل دىيارىدىن چىققان مەشھۇر كىشىلەر



## مەشھۇر تارىخشۇناس قاڭلى تۇتۇ

قاڭلى تۇتۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى، مول بىلىمى ۋە سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى تالانتى بىلەن يۈەن سۇلالىسى تارىخى سەھنىسىدە ئاجايىپ رول ئوينىغان مەشھۇر زاتتۇر.

تۇتۇ (مىلادى 1314 — 1355) ئاقسۆڭەك ئەمەلدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى بايان باھادۇر (1236 - 1295) قۇبلەيخاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيغۇرغول (قۇمۇل) ئايمىقىدىن موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىگە بېرىپ ئەمەلدار بولغان. دادىسى مازار تايمۇ بايان بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىگە بارغان. بايان باھادۇر جىيۈەن 7 - يىلى (مىلادى 1271 - يىلى) زوراغالىق مەھكىمىسىگە زوراغا بولغان. كېيىن ئادەتتىكى سول قول ۋەزىر بولغان. مازار تاي بولسا يۈەن شۇندى توقان تېمۇرنىڭ يىللىرىدا دادىسىنىڭ ۋەزىرلىك مەنسىپىگە ۋارىس بولغان، تۇتۇ بولسا، قۇرامىغا يەتكىچە خانزادىلەر نازارىتىگە قاراشلىق ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ، كېيىن يۈەن تەيزۇڭ - ئىسەن تېمۇرنىڭ شاھزادىسىنىڭ خاس گېزەكچىسى، يۈەنتۇڭ 2 - يىلى (مىلادى 1334 - يىلى) ھۇدەيچى مەھكىمىسىنىڭ ھۇدەيچىسى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشىكئاغىسى بولۇپ، ئاخىرىدا يەنە زوراغالىق مەھكىمىسىگە زوراغا بولغان. كېيىن رېنزۇڭ، يىڭزۇڭ ۋە ۋېنزۇڭ خانلار ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە بۇ ئۈچ سۇلالە تارىخىنى يېزىشقا يەنە پەرمان چۈشۈرۈلگەن. بىراق ئۇنى قايسى ئۇسۇل بىلەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قانداق يېزىش ھەققىدە تالاش - تارتىش كۆپىيىپ، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. مىلادى 1343 - يىلى يۈەن شۈندى جىجىڭ 3 - يىلى، ئوردىنىڭ پەرمانى بىلەن تۇتۇنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە 160 جىلدلىق «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» يېزىلىپ چىقتى. كېيىن 135 جىلدلىق «جىن سۇلالىسى تارىخى» نى يازدى. مىلادى 1343 - يىلدىن 1345 - يىلغىچە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» نى يېزىشنى تاماملىغان. بۇ جەمئىي 496 جىلددىن تەركىب تاپقان.

يۇقىرىقى ئۈچ سۇلالىنىڭ تارىخىنى يېزىشتا تۇتۇ ئىنتايىن كۆپ ئەجرى سىڭدۈرگەن ئىدى. ئۇ ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغاندىن تاشقىرى، ماتېرىيال مەنبەسىنى تېپىش، تۈرگە ئايرىش، سېلىشتۇرۇپ يېزىش، تەھرىرلەش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى ئۆزى بىۋاستە ئىشلىگەن. شۇڭلاشقا يۇقىرىقى ئۈچ سۇلالە ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان. پېشقەدەم پروفېسسور فىڭ جياشىڭ تۇتۇ ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۈچ سۇلالە تارىخىنىڭ كىتاب بولىشىدا تۇتۇنىڭ تۆھپىسى ئەڭ زور، يېزىش، تەھرىرلەش ھەتتا خىراجەت ھەل قىلىشقىچە ئۇنىڭ يۈرەك قېنى سەرپ قىلىنغان» دەپ كۆرسەتكەن.

بۈگۈنكى كۈندە بىزنى مول تارىخىي بىلىملەر بىلەن تەمىن ئەتكەن، سۇڭ، لياۋ ۋە جىن سۇلالىلىرى تارىخى ئەنە شۇ قەيسەر، يۈكسەك ئىرادىلىك، جاسارەتلىك تۇتۇدەك ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا دۇنياغا كەلگەن.

تۇتۇ يۇقىرىقى تۆھپىسىدىن باشقا خۇاڭخې توسمىسىنى ياساشتىمۇ ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىدى. جىجىڭ 11 - يىلى 4 - ئايدا تۇتۇ پەرمانغا ئاساسەن كەيفىڭگە بېرىپ دامىڭ (ھازىرقى

خېبىنىنىڭ دامىڭ ناھىيىسى) قاتارلىق جايلاردىكى 17 تۈمەن يۇقىرا بىلەن 20 مىڭ ئەسكەرنى قاش توسۇشقا سەپەرۋەر قىلغان.
جىجىڭ 14 - يىلى (مىلادى 1354 - يىلى) تۇتۇ سول قول ۋەزىرلىك سالاھىيىتى بىلەن قوشۇن تارتىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، جياڭسۇنىڭ گاۋيۇ دېگەن يېرىنى ئىگىلىۋالغان. جاڭ شۇچېڭغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئۇرۇش غەلىبە قىلغانلىقتىن يۈەن سۇلالىسى ئۇنى تارتۇقلىغان. كېيىن يەنە قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئاخىرىدا ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## مەشھۇر تەرجىمىشۇناس بۇددا ئالىمى بىلەنناشىل

بىلەنناشىل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەشھۇر تەرجىمىشۇناس، بۇددا ئالىمىدۇر. بىلەنناشىلنىڭ ئەسلى ئىسمى جىلاۋاچىندىل بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئەقىللىق، تىرىشچان بولغاچقا، غەربىي رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدا خەنزۇچىنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، سانسكرىت تىلى، تىبەت تىلى قاتارلىق بەش - ئالتە خىل تىلنى پىششىق ئۆگەنگەن، شۇڭا ئۇ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشتا كامالەتكە يېتىپ، يۈەن سۇلالىسى خانىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. 1312 - يىلى خان ئۆز نامىدىن بىلەنناشىلغا يارلىق چۈشۈرۈپ، سانسكرىتچە يېزىلغان بۇددا

نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرغانىدى. پروفېسسور فىڭ جاشىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» دېگەن ئەسىرىدە بىلەنناشىل ھەققىدە توختىلىپ: «بىلەنناشىل بەش - ئالتە خىل خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تىبەتچە بۇددا كىتابلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى» دەپ يازغانىدى. بىلەنناشىل ئۇزۇن يىللىق تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللۇنۇش جەريانىدا بۇددا دىنى ۋە بۇددىزمنى مەركەز قىلغان ھالدا بۇددا ئىلمىگە ئائىت نۇرغۇن تەتقىق قىلىش ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولىدۇ. بۇددا نوملىرىنى تەتقىق قىلىشتا كامالەتكە يېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ زور شۆھرەت قازىنىدۇ. شۇ چاغدىكى يۈەن سۇلالىسى خانى يۈەن چىڭزۇڭ 1302 - يىلى گۇاڭخەندە يارلىق چۈشۈرۈپ بىلەنناشىلغا راھىبلىق ئۇنۋانى بېرىدۇ ھەم ئىسمىنى رەسمىي بىلەنناشىل دەپ ئۆزگەرتىدۇ. خان ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆتكۈزىدۇ.

## گېنىرال تابىل

تابىل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ھەربىي قوماندان، سىياسىئون، رەسسام ۋە مۇزىكانت. تابىلنىڭ ئانا يۇرتى قۇمۇل. تابىل ھەققىدە يۈەن سۇلالىسى تارىخى 124 - جىلد تابىل قاتارلىقلارنىڭ تەزكىرىسىدە «تابىل ئەسلى ئىۋىرغوللۇق (بۈگۈنكى قۇمۇل) بولۇپ، ئاتىسى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ «تۇتۇ» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. «تۇتۇ» - دۆلەت ئاتىسى، دېمەكتۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن. كىشىلەر ئۇنى ئۇلۇغ

ھەزرەت دەپ ئاتىشاتتى. تابىل چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ موڭغۇل
قەبىلىلىرىنى بوسۇندۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ
چىڭگىزخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن جۇيۈەنجۇ (ھازىرقى خېبېي
ئۆلكىسى رايونىغا) ھەربىي يۈرۈش قىلغان. غەربكە ھەربىي
يۈرۈش قىلىپ قىتانلارنى (قاراختايلار) نى مۇنقەرز قىلغان.
پىڭلىۋەن، بەيىلارنى بويسۇندۇرغان. ئۇ ئىنتايىن خەلقپەرۋەر
بولغاچقا، ھەربىيلەرگە: «خەلق دۆلەتنىڭ ئۇلى، ئادەم
ئۆلتۈرۈپ يەر ئىگىلىگەننىڭ نېمە پايدىسى بار. ئەگەر خەلقنى
قىرساق بىزنىڭ دۈشمىنىمىز كۆپىيىدۇ» دەپ تەلىم بېرىپ،
بىگۇناھ ئادەم قىرىشقا يول قويمىغان. چىڭگىزخان ئۇنى خېبېي
ئۆلكىسىگە باش ۋالىي، ھەربىي قوماندان قىلغان. ئۇ نۇرغۇن
توپىلاڭلارنى باستۇرۇپ ھۆكۈمەتكە ياخشى ئىش قىلغاندىن
تاشقىرى، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى باج، سېلىقنى يەڭگىللىتىپ
خەلق ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش قىلغان.

تابىل شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر سىياسىي ئەرباب بولۇپلا
قالماي، بەلكى ئۇستا رەسسام، ئۇستا مۇزىكانت ئىدى.
1303 - يىلى باھاردا ئۇ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ۋاپات بولىدۇ.
يۈەن سۇلالىسى خانى چىڭ زۇڭ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى
ئۈچۈن «يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن»، «ئاتابەگ»،
«ئۇلۇغ تىكىن»، «ساداقەتمەن سانغۇن» دېگەن ناملارنى
بەرگەن. خان تابىلنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ
ئوغلى ئالىچ تۆمۈرنى تابىلنىڭ ئورنىغا تەيىنلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئەمەلدار ئالىچ تۆمۈر

تابىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۈەن سۇلالىسى ئۇنىڭ ئوغلى ئالىچ تۆمۈرنى شۇكېيىڭ قاتارلىق بىر قانچە ئايماقلارغا باش ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئالىچ تۆمۈر دادىسىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ خەلقپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ مەكتەپ ئېچىپ، نۇرغۇنلىغان بىلىم ئەھلىلىرىنى تەربىيىلەيدۇ. ئۇ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلىدىغان ھەر خىل ۋەھشىيانە جازائۇسۇللىرىنى بىكار قىلىدۇ. جازانىخور ئەمەلدارلارنى جازالايدۇ. يۈەن سۇلالىسى تارىخى 124 - جىلدىدا «ئالىچ تۆمۈر بەكلا ئادىل كىشى ئىدى. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا خالىغىنىچە بىرەر دېھقاننى ئۆز ئىشىغا سېلىشىغا يول قويمىغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئالىچ تۆمۈر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن زور قوشۇننى باشلاپ گوۋگوۋ (ھازىرقى چاۋشەن) خانلىقى ئۈستىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. 1316 - يىلى يۈەن رىنزۇڭ ئۇنىڭغا «ئىتائەتمەن سانغۇن»، «ئادىل ئىش بېجىرگۈچى»، «دۆلەت قوغدىغۇچى» قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بەرگەن. ئالىچ تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۆلەت ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى ئاتاينى ئۇنىڭ ئىزىغا تەيىنلىگەن.

## ئالىي گېنېرال ئاتاي

ئالىچ تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئاتاي خاننىڭ تەيىنلىشى بىلەن شۇ ئېلنىڭ ئايمىقىغا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار بولىدۇ. 1317 - يىلى پېگلۇۋەن ئايمىقىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئاتاي بوۋىسى، دادىسىغا ئوخشاش ئادىل ئەمەلدار بولغاچقا، خەلق ئىچىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندە ھۆكۈمەتنىڭ زاپاس ئاشلىقىنى خەلققە تارقىتىپ بېرىدۇ. ھەربىيلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارغا تۇز، گۈرۈچ، كىيىم - كېچەك يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەتتا نامرات تۇغقانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. يۈەن زىڭزۇڭنىڭ 21 - يىلى ئاتاي ئالىي گېنېرال بولىدۇ. 25 - يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. خان ئۇنىڭغا «تۆھپىكار گېنېرال»، «پەزىلەتلىك ھەزرەت»، «دۆلەت قوغدىغۇچى» دېگەن ناملارنى بېرىدۇ. خان ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوغلى دىلۋىشنى ئاتايىنىڭ ئورنىغا تەيىنلەيدۇ.

## قابىلىيەتلىك، خەلقپەرۋەر ئەمەلدار دىلۋىش

دىلۋىش يۈەن جىڭزۇڭ (تۆمۈر) دەۋرىدە پادىشاھنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان خاس ئەسكەر بولغان. كېيىن خېشى رايونىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قابىلىيىتىگە قايىل بولغان خان ئۇنى خوتەن (ھازىرقى ئەنخوي) رايونىنىڭ باش ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىگەن. كېيىن ئوردىغا يۆتكەپ كېلىپ سول قول دىۋان بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ كوندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار، باش سوتچى بولغان. خان يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دىلىۋشنى ماتارپىقا مەسئۇل قىلغان. ئۇ كېيىن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خېجەن ئايمىقىغا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان. بۇ چاغدا خېجەندە ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن ئىدى. دىلىۋش ھەر خىل چارە، ئاماللارنى قوللىنىپ نەچچە ئون مىڭ پۇقرانى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇ جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، جازانىخورلۇق، قىلمىشلىرىغا قارشى ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى قوللىنىپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. كېيىن ئۇنىڭ ئەمىلى ئۆسۈپ لوياڭ (ھازىرقى شەرقىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە) ئۆلكىسىنىڭ باش مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىنىگەن.

دىلىۋش ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سۇنار قادىلمىش ئوردىنىڭ باش تەپتىشى بولغان.

## دىيانەتلىك ھەزرەت سۇنار قادىلمىش

سۇنار قادىلمىش 12 يېشىدىلا پادشاھنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان خاس ئەسكەر بولغان. پادشاھ يۈەن يىڭزۇڭ ۋاقتىدا ئەمىلى ئۆسۈپ ئوردىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. خان يۈەن يىڭزۇڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدە بىر ھەشەمەتلىك بۇتخانا

سېلىشنى بۇيرۇغان ھەم ھۆكۈمەت بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجراتقان. لېكىن بۇ پۇل بۇتخانا سېلىشقا يەتمىگەن. سۇنار قادىلمىش باش تەپتىش بولغانلىقتىن بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئوردىنىڭ باش ۋەزىرلىرى لى چەنچېڭ، چىڭگۇي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بۇلۇشۇۋالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. بۇنى بىلگەن باش ۋەزىر سۇيىقەست پىلانلاپ خانغا چاقىدۇ. نەتىجىدە خان بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرمەيلا سۇنار قادىلمىشقا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى يىراق چېگرا رايونلارغا سۈرگۈن قىلىدۇ. 1324 - يىلى يۈەن تەيدىڭ دەۋرىگە كەلگەندە سۇنار قادىلمىشنىڭ خاتا ئەنزىسى ئاقلىنىپ چىقىدۇ. خان ئۇنىڭغا «دىيانەتلىك ھەزرەت»، «دۆلەت قوغدىغۇچى» قاتارلىق ناملارنى بېرىشنى، ئايالىغا 500 يامبۇ، مىڭ مو يەر ھەدىيە قىلىشنى ھەمدە ئۇنىڭ دۆلەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىسى، خاتا جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ئەھۋاللىرى تەپسىلىي يېزىلغان بىر تاش ئابىدە تىكلەشنى بۇيرۇيدۇ.

## شائىر ئابىد قۇمۇلى

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ دەۋرىدە ئوردىدا تۈزۈلگەن «باياز» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئىچىدە ئابىد قۇمۇلىنىڭ 34 غەزىلى، 69 رۇبائىيسى بار. ئابىدنىڭ بۇ «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن غەزەل ھەم رۇبائىيلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك دىۋان شەكلىدە تۈزۈلگەن ۋە رەتلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىر ئابىد قۇمۇلى ئەينى زاماندىلا ئۆز شېئىرلىرىنىڭ مۇكەممەل دىۋانىنى تۈزۈپ قالدۇرغان، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۆۋەندىكى شېئىرىدىن قايسى دەۋردە ياشىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز:

بۇ سائادەتغە سېنى يەتكۈردى، ئابىد، شۈكرى قىل،
غازىئى دەۋران ئۇبەيدۇللاھ مىرى قامۇلى.

دېمەك، شائىرنىڭ يۇرتى قۇمۇل، ياشىغان دەۋرى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ دەۋرى.

ئۆز دەۋرىنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن بىرى بولغان بۇ شائىر ئەبەيدۇللا غازىبەگنىڭ غەمخورلۇقىغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى پىكىر جەھەتتە ئىلغار، سەنئەت جەھەتتە يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

## ئاپپاق خوجا

شىنجاڭ خوجىلىرىنىڭ بوۋىسى مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىمامى كالان (خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئىشان) قەشقەردىكى ئىساق ۋەلى بىلەن چىقىشالماي مىلادى 1620 - يىلى قۇمۇلغا كەلگەن. ئۇ قەشقەردىن قۇمۇلغا ئىشانلىق قىلغىلى كەلگەن مىرسەئىد خەلىل قەشقىرى بىلەن تونۇشۇپ قىزى زۇلەيخابىبىنى ئەمرىگە ئېلىپ، مىلادى 1626 - يىلى شۇ ئايالدىن، ئاپپاق خوجا تۇغۇلغان.

مىلادى 1638 - يىلى خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئىشان ئاپپاق خوجىنى ئېلىپ قۇمۇلدىن قەشقەرگە قايتقان.

# گاڭگۆڭ باقى

گاڭگۆڭ باقى 19 — ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇل تاراتىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مەرت، ئادالەتپەرۋەر پالۋان. ياش چېغىدا ئۇ قۇمۇلدا يەرلىك مانجۇ بەگ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېزىش — خورلاشلىرىغا قارشى تۇرغىنى ئۈچۈن، بىگۇناھ هالدا زىندانغا سولانغان. ئۇ زىنداندا سادىر پالۋان بىلەن تونۇشۇپ چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان ھەمدە پالۋان بىللە زىنداندىن قېچىپ چىقىپ، ئىلى تەۋەسىگە ئۆتكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئوتتۇز نەچچە ياشلاردا ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن سادىر پالۋانغا ئەگىشىپ، چىرىك، ئىستىبدات مانجۇ هاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ئۇ جەڭلەردە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، مانجۇ چېرىكلىرىگە ئەجەللىك، قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. شۇڭا قوشۇن ئىچىدە ئىناۋىتى ئۆسۈپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىلى سۇلتانلىقىدا ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ مۇھىم سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئۇ سادىر پالۋاننىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ماسلىشىپ، ھەمدەم بولۇپ، خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ ھۆرلىكى ۋە تەڭلىك، باراۋەرلىك ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغان. ئۇ بايانداي كۈرەسى (ئىلى جاڭجۇنى تۇرۇشلۇق جاي)، چىلپەڭزە قاتارلىق جايلارغا قىلىنغان ھۇجۇملارغا كۆپ قېتىم باشچىلىق قىلغان. 1871 — يىلى، چاررۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلغاندا، گاڭگۆڭ باقى ئىلى سۇلتانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، چارروسىيە قوشۇنـــغا باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرغان. قورغاستىكى بىر قېتىملىق جەڭدە بۇ زەبەردەست پالۋان خەلق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

# قومۇلنىڭ سەنئەت مىراسلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



## قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامى

قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامى. ئاھاڭ ۋە مۇقام تېكىستلىرى جەھەتتە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 — ئەسىردە غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدىكى ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى روران، قوش ئەتراپلىرىدا تارقالغان «مۇقدۇر» دۇر. «مۇقدۇر» چوڭ بىر يۈرۈش ناخشا دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى «مۇقىدۇر» (ئۇلۇغدۇر) مۇقامىنىڭ ئەسلى بولىشى مۇمكىن. قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر خەلق ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىر يەرلىك ۋارىيانتى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇيغۇر خەلق ئون ئىككى مۇقامىنىڭ قەدىمكى مەنبەسىدۇر.

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامىنىڭ 19 شۆبىسى بار بولۇپ (مۇقام كۈيى بار بولۇپ) 250 ناخشا ئېيتىلىدۇ. تاڭ دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ ئەلنەغمىسى لياڭجۇ ئارقىلىق چاڭئەنگە كىرىپ، چاڭئەن خەلقى ئىچىدە ئاجايىپ تەسىر قوزغىغان.

مىلادى 421 — يىلى غەربىي لياڭ (西凉) ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا تاڭ، چى، لى باۋ قاتارلىقلار قۇمۇلغا كەلگەن ھەمدە قۇمۇل ناخشا — ئۇسسۇل مۇزىكىسىنى ئۆگىنىش، توپلاش بىلەن 21 يىلنى قۇمۇلدا ئۆتكۈزگەن. ئوچاغلاردىكى قەدىمكى قۇمۇل مۇزىكىسى «ئىشۇرغول» ئالاھىدە مەشھۇر بولۇپ

دۇنخۇاڭلىقلار ئارىســـدا بۇ مۇزىكا مودىغا ئايلانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مۇزىكا چاڭئەندە داڭ چىقىرىپ ئوردا ئىـــچـــى، سىرتىدىكىلەرنى جەلپ قىلغان ھەمدە ھەرقايسى جايلارغا كەڭ تارقالغان. «ئىۋىرغول» مۇزىكىسى قۇمۇل مۇقاملىـــرىنىـــڭ ئاساسىي گەۋدىسىدۇر.

## قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامىنىڭ نامى

قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامى ئەسلىدە 19 يۈرۈش بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك:

1 — دۇر مۇقامى؛ 2 — ئىككىنچى دۇر مۇقامى؛ 3 — مۇستازات مۇقامى؛ 4 — ئىككىنچى مۇستازات مۇقامى؛ 5 — خۇپتى مۇقامى؛ 6 — ئىككىنچى خۇپتى مۇقامى؛ 7 — چەپبايات مۇقامى؛ 8 — ئىككىنچى چەپبايات مۇقامى؛ 9 — مۇشاۋىرەك مۇقامى؛ 10 — ئىككىنچى مۇشاۋىرەك مۇقامى؛ 11 — ئۆزھال مۇقامى؛ 12 — ئىككىنچى ئۆزھال مۇقامى؛ 13 — ئىراق مۇقامى؛ 14 — دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى؛ 15 — ئۇلۇغدۇر مۇقامى؛ 16 — راك مۇقامى؛ 17 — چارگاھ مۇقامى؛ 18 — ئىككىنچى چارگاھ مۇقامى؛ 19 — دۇئا مۇقامى.

قـۇمـۇل مـۇقـاملىـــرىنىـــڭ 12 يـۈرۈش قىـــلىـــپ، بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ناملىرى تۆۋەندىكىچە:

1 — يۈردۈم ئالەمنى مۇقامى؛ 2 — يالغۇز تۇيۇم مۇقامى؛ 3 — خۇپتى مۇقامى؛ 4 — جانىكەم مۇقامى؛ 5 — دەردىڭگە دەگاھ مۇقامى؛ 6 — دەردىۋا مۇقامى؛ 7 — چوڭ دەردى يامان مۇقامى؛ 8 — دولان مۇقامى؛ 9 — ھاي — ھاي ئۆلەن مۇقامى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



10 — سايراك بۇلبۇلۇم مۇقامى؛ 11 — چارگاھ مۇقامى؛
12 — كىچىك دەردى يامان مۇقامى.

## تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىۋىرغول چوڭ نەغمىسى

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ئىۋىرغول دەپ ئاتالاتتى. ئىۋىرغول ناخشىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن، ئىۋىرغول چوڭ نەغمىسى دەپ ئاتالغان. «نەغمىچىلەر مەھكىمىسىنىڭ شېئىرلار توپلىمى» نىڭ 79 — جىلدىدا «ئىۋىرغول شاڭدىياۋ كۈيلىرىنى شىلياڭنىڭ باسقاقبېگى گەي جىيايۈەن ئېلىپ كەلگەن» دەپ يېزىلغان. سۇلىنچيەننىڭ «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرلىرى» دە: «ئوقۇتۇش يۇرتىدىكى نەغمە ئۆگەتكۈچىلەر ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرىلىپمۇ ئىۋىرغول نەغمىلىرىدىن نېرى كېتەلمىگەن» دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسىدىكى «ئوقۇتۇش يۇرتى» مەخسۇس مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆگىتىدىغان مەھكىمە ئىدى. ئىۋىرغول نەغمىسى «ئوقۇتۇش يۇرتى» نىڭ رېپېتىس قىلىپ ئېيتىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ناخشا مۇزىكىلاردىن بولۇپ قالغان. «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرلىرى» دە 325 مۇزىكا نامى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ 46 سى چوڭ نەغمە، 6 سى غەربىي يۇرت نەغمىسى بولۇپ، بۇلار: سۇمۇچى نەغمىسى، تىنچلىق نەغمىسى، بېشبالىق نەغمىسى، كۇچا نەغمىسى، ئىۋىرغول نەغمىسى، سۇخۇنتۇ نەغمىسىدىن ئىبارەت.

ئىۋىرغول چوڭ نەغمىسى «ئوقۇتۇش يۇرتى» دا پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ئوردىدا، چاڭئەننىڭ چايخانا،

قاۋاقخانىلىرىدا، شەھەر كوچىلىرىدا كەڭ تارقالغان. ئۇۋىرغول نەغمىسىگە ئەڭ دەسلەپتە تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر ۋاڭ ۋېينىڭ چىجۆ شەكلىدىكى «ئۇۋىرغول ناخشىلىرى» دېگەن شېئىرى تېكست قىلىنغان. تېكست مۇنداق:

ئۇچار ساباھ، پەلەكتە ئاي ئۆزۈم ھەسرەتتە،
ئون يىل بولدى كەتتى ئوغلۇم لەشكىرى سەپتە.
ماڭاردا تاپىلدىم قايتا — قايتىلاپ:
تۇرنىلاردىن يوللا مەكتۇپ، مەن قالماي دەرتتە.

كېيىن بۇ يەنە ۋاڭ ۋېينىڭ «يۈەن ئەرشىنى ئەنشىگە ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرىغا كىرگۈزۈلۈپ «ياڭگۇەنجۇ» نەغمىسى بىلەن كەڭ تۇردە ئېيتىلىپ كەلگەن.

كەييۈەن يىللىرى پادىشاھ لىلۇڭجى كۆلىمى چوڭ كۆسەن ناخشا — ئۇسسۇل سورىنى ئۇيۇشتۇرغان. لى گۇنيەن ۋاڭۋېينىڭ يەتتە نەزمىلىك «ئۇۋىرغول ناخشىسى» نى ئېيتقان، گۈزەل خانىش ياڭگۇيفېي «ئۇيغۇر ئۇسسۇلى» ئوينىغان.

ئۇۋىرغول نەغمىلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن سىچۈەننىڭ غەربىي قىسمىغا تارقالغان. سىچۈەننىڭ غەربىي ئارقىلىق خۇبېينىڭ جياڭلىڭ رايونىغا، ئاندىن جياڭلىڭ ئارقىلىق لوياڭغا كىرگەن. بەش ئەۋلادتىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭشۇن 1 — يىلى دۇنخۇاڭلىق راھىپ لياڭ شىندى لوياڭغا بېرىپ «بۇددا نومىنى چۈشەندۈرۈش» ناملىق كىتابىنى ۋە ۋاڭ فەمىلىلىك ئايالىنىڭ «پىپا نوتىلىرى» نىڭ پارچىلىرىنى كۆچۈرۈپ دۇنخۇاڭغا ئېلىپ كېلىپ ئۆگكۈرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوشۇرۇپ قويغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (1900 — يىلى) فرانسىيىلىك پېللىئوت تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلىپ، پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىغا قويۇلغان.

ھازىر تەتقىقاتچىلار بۇ نوتىلارنى «دۇنخۇاڭ نوتىلىرى» ياكى «دۇنخۇاڭ پىپا نوتىلىرى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. بۇ نوتىلار ئۈچ يۈرۈش 25 ناخشا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «ئىۋىرغول»، «ئاستا مۇزىكىلىق ئىۋىرغول» دېگەن ئىككى ناخشا خاتىرىلەنگەن. بۇلار ئىۋىرغول چوڭ نەغمىسىگە كىرىدۇ.

## سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىۋىرغول نەغمىلىرى

ئىۋىرغول نەغمىلىرى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ قىزىقارلىق، ئاممىباپ ناخشا — ئۇسسۇللارغا ئايلانغانىدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خوڭ مەينىڭ «رۇڭخەي خاتىرىسى» دە «تارقىلىپ يۈرگەن نەغمىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار جاي نامى بىلەن ئىۋىرغول نەغمىسى، لياڭجۇ نەغمىسى، شىجۇ نەغمىسى، ۋېيجۇ نەغمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىۋىرغول، لياڭجۇ نەغمىلىرى ئەڭ داڭلىق » دەپ يېزىلغان. سۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا زىياپەتلىرىدە ئورۇنلىنىپ كېلىۋاتقان 18 مۇقام، 40 نەغمە ئىچىدىكى يۈدىياۋ «ئىۋىرغول»، شېجىدىياۋ «ئىۋىرغول» لارنىڭ ھەممىسى ئىۋىرغول نەغمىلىرىدىن ئېلىنغان.

سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن گۇماچىڭنىڭ «ئوردا نەغمىلىرى توپلىمى» نىڭ 79 — جىلدىغا ئىۋىرغول نەغمىلىرىنىڭ پۈتۈن

تېكىستى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدا ئۇۋىرغول نەغمىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋۇجۇي شەكلىدىكى (بەش مىسرالىق نەزمە) شېئىرىدىن بەشى، چىجۇي شەكلىدىكى (يەتتە مىسرالىق نەزمە) شېئىرىدىن بەشى كىرگۈزۈلگەن. بۇ نوتىلار كېيىنچە يوقۇلۇپ كەتكەن. ئۇۋىرغول چوڭ نەغمىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تىياتىر ۋە كۈيلىرىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ۋاڭ گۇ ۋېينىڭ «سۇڭ — يۈەن تىياتىرى، مۇزىكىلىرىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىككى سۇڭ ئوردىسىنىڭ تىياتىرى 280 نۇسخا، كۈيگە سېلىنغانلىرى 103 نۇسخا» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە «ئاشپۇزۇل ئۇۋىرغول ئويۇنى»، «بىشياۋجۇن ئۇۋىرغول ئويۇنى»، «لىڭ ئۇۋىرغول ئويۇنى»، «تۆمۈر نىقاپلىق ئۇۋىرغول ئويۇنى»، «قىزىقارلىق بەش بوۋاي ئۇۋىرغول ئويۇنى» قاتارلىقلار ناھايىتى مەشھۇردۇر.

## قۇمۇل خەلق مۇقاملىرى چاڭئەندە

ئەينى يىللاردا ئۇۋىرغول مۇقاملىرىنى ئېيتىش پايتەخت چاڭئەندىن تارتىپ باشقا جايلارغىچە بىر مودا ئىدى. ئۇۋىرغول مۇقاملىرى چاڭئەننىڭ ئوردا ئىچىدىن ناخشا — ئۇسسۇل سورۇنلىرى، چايخانىلىرى، قاۋاقخانىلىرى، ھەر بىر رەستىلەردە، ھەتتا ئائىلىلەردىمۇ زور ئىشتىياق بىلەن ئېيتىلىپ، تارقىلىپ يۈرگەن. ئۇۋىرغول مۇقاملىرى چاڭئەندىكى ئوقۇتۇش يۇرتىدا: نەغمە — ئۇسسۇل ئۆگەنگۈچىلەرگە ئاساسلىق دەرسلىك قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر ۋاڭجەن: ئوقۇتۇش يۇرتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەھكىمىسىگە بېغىشلىغان «قەسىدە» سىدە مۇنداق يازغان:

نەيچە ھەم پەيتارىلىق ساز — چالغۇلار تەڭكەش بولۇپ،
بۇندا شاڭدىياۋ نەغمىسىدە ئوينالدى ئىۋىرغول كۈيلىرى.

«ئوقۇتۇش يۇرتىنىڭ خاتىرىسى» دە «ئىۋىرغول ئەلنەغمىلىرى، ئەتلەس كۆڭلەك، ئۇيغۇر راھىبىنىڭ ساماسى قاتارلىق ناخشا ئۇسسۇللۇق كوللېكتىپ ئويۇنلار، 718 — يىلى چاڭئەنگە كىرگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

## جاڭچيەن ۋە مۇقدۇر مۇقامى

«خەن نامە مۇزىكا تەزكىرىسى» بىلەن سۈي باۋ يازغان «گۇچىنجۇ» (شەرھى نامە) ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە جاڭچيەن شىنجاڭدىن نەيىنى، بۇرغۇنى ۋە ئۇلارنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرغان. ئۇ يەنە «مۇقدۇر نەغمىسى» دېگەن كۈينى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار جاڭچيەن ئېلىپ بارغان «مۇقدۇر مۇقامى» نى قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى بولغان «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» نىڭ ئەسلى دېيىشىدۇ. «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» بولسا قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئانىسىدۇر. «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغاندىن كېيىن ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئەينى چاغدا خەن پادىشاھى خەنۋۇدى بىر مۇزىكا مەھكىمىسى قۇرۇپ ئۇنىڭغا ناخشا — ئۇسسۇلغا ماھىر لى يەننىيەننى مەسئۇل قىلغان. ئۇ «مۇقدۇر مۇقامى» دىن

پايدىلىنىپ 18 مۇزىكا ئاھاڭى ئىشلەپ چىققان، شۇ ئاساستا بىر ئوركېستىر تەشكىل قىلغان. بۇ مۇزىكىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرىنىڭ بېيىشىغا تۈرتكە بولغان.

## يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل مۇقاملىرى

ئۇيغۇر نەغمىلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئوردا نەغمىلىرى ئىچىدە خېلى يۇقىرى ئورۇننى تۇتقان، بولۇپمۇ شۇ دەۋردە ئۆتكەن قۇمۇللۇق ھەربىي سەركەردە تابىل ئۇستا سەنئەتكار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مۇقامىدىن ئىشلەنگەن ناخشا — مۇزىكىلىرى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىدىكى يىخېيۈەن باغچىسى يېنىدىكى ۋېيگۇڭسەندە ئوينىلاتتى.

## خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ قۇمۇل مۇقاملىرىنى مەدھىيىلەپ يازغان شېئىرلىرى

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز — ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
سۇمۇرۇغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تۇتۇلسا ئەگەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى ياڭراق بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس — بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

تاڭ دەۋرى شائىرى: يۈەن جىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقتى بەگزادە راۋاقتا تولغىنىدا ئاي قەمەر،
ئۇيغۇرغۇلنىڭ نەغمىسىگە ئېيتتى سازەندىلەر لەپەر.
شۇ مەھەل گويا بىلىندى كەلدى قوملۇقتىن شامال،
تاكى ياڭگۇەن قاپقىدا سۇ ئۈزۈلگەنگە قەدەر.

گاۋ پىيەن

## قۇمۇل غېجەكى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئەپلاتون ياشىغان دەۋرلەردە، ئەپلاتون بىر ئورمان ئىچىدە يۈرسە، ئىككى بۇغا بىر بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ، بىر بىرىگە تەن بېرىشمەپتۇ. ئۇلار بىر بىرىنى شىددەت بىلەن ئۇسۇشۇپ قوغلۇشۇپ يۈرگەندە، بىر بۇغىنىڭ قورسىقى قارىغاي چومىقىغا ئېلىنىپ قېلىپ يىرتىلىپ كېتىپتۇ — دە، ئۇچىيى ئېلىنىپ قاپتۇ. بۇغا ئۆلۈپتۇ. ئەپلاتون ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە شۇ يەرگە بېرىپ قاپتۇ، قارىسا، شاختىكى ئۈچەيلەر قۇرۇپ، تارتىشىپ شامالدا بىر خىل يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ تۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن ئەپلاتونىنىڭ كۆڭلىدە بىر مۇڭلۇق كۈينى ئاڭلاش ئىشتىياقى ئېشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توغراق ياغىچىدىن باش قىلىپ، ئۈچكە تېرىسىنى تارتىپ، دەستىگىگە قارىغاي ياغىچى سېلىپ، ئىككى قولاقتا ئۈچەيدىن تارا سېلىپ ئاۋاز چىقىرىپ كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەپلاتون يەنە قىل كامالچا ياساپ، قارىغاي يىلىمى سۈرۈپ ئاۋاز چىقىرىش بىلەن، يېڭىدىن ئىككى تارلىق ئانا غېجەكنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. كېيىن قۇمۇل تاغلىرىدىكى چارۋىچىلار غېجەكنىڭ بېشىنى كالا

موڭگىزىدىن، قۇلاقلىرىنى ئىرغاي ياغىچىدىن قىلىپ، قوشۇمچە يەتتە تال تەڭشەك سىم سېلىپ ياساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل غېجىكى شەكىللىنىپ بۈگۈنكى تەرەققىياتىغا ئېرىشكەن ئىكەن.

## قۇمۇل غېجىكىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەسىرى

ئىككى خەن دەۋرىدە غېجەك، بەرباپ، راۋاپ، بالمان، غوڭقا قاتارلىق غەربىي رايون چالغۇلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چالغۇ سازلار بىلەن بىرلىشىپ خەنزۇلارنىڭ مۇزىكىچىلىك تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان، بولۇپمۇ غېجەكتىن ئىبارەت بۇ باشلامچى سازنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مۇزىكىچىلىك ساھاسىدە كەڭ ئىشلىتىلىشى خەنزۇ چالغۇ قوراللىرى ئىچىدە دەۋر بۆلگۈچ رولىنى ئوينىدى. چۈنكى غېجەك (ئەرخۇ) «ئىككى تارلىق ئۇيغۇر غېجىكى» دېگەن نام بىلەن يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، خەنزۇلار ھازىر ئىشلىتىۋاتقان «خۇخۇزا»، «جىڭخۇ»، «بەڭخۇ»، «نەڭخۇ» دېگەن مەشھۇر سازلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان. «ئەرخۇ» ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن يۇقىرىقى سازلار، پۈتكۈل خەنزۇلارنىڭ مۇزىكا ساھەسىدە قوللىنىلىپ جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىز بويلىرىغىچە، چوڭ شەھەرلەردىن تارتىپ كەڭ يېزا — قىشلاق ھەتتا ئائىلىلەرگىچە سىڭىپ كىرىپ، خەنزۇلارنىڭ پۈتكۈل مۇزىكا ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم سازغا ئايلانغان.

## مۇقام چالغۇلىرى ۋە قۇمۇل غېجىكىنىڭ ياسىلىشى

مۇقامغا غېجەك، ساتار، تەمبۇر، راۋاپ، داپ، دۇتار

www.uyghurkitap.com



قاتارلىق چالغۇلار تەڭكەش قىلىنىدۇ. قۇمۇل غىجىكى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئالاھىدە ياساپ چىققان چالغۇ. ئۇنىڭ بېشى تۆمۈردىن ياسىلىپ قوي تېرىسىدە كېرىلىدۇ. ئىككى تال ئاساسىي سىم ۋە بىر نەچچە تال قوشۇمچە سىمنىڭ ھەممىسى پولات سىم، شۇڭا ئۇنىڭ مۇڭى ئۇزاققىچە يوقىمايدۇ. غىجەك ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن چالغۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. غىجەكسىز مۇقام باشلانمايدۇ.

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا ئوينالغان تىياتىر ۋە ئويۇنلار

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىن خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە چيەنلۇڭنىڭ 40 — يىلى (1775 — يىلى) قۇمۇلدا چىڭچياڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى ئويۇن قويغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى لەنجۇدىكى بىر ياش تىياتىر گۇرۇپپىسى قۇمۇلغا كەلگەن، ئۇلار ئورۇندىغان چىڭچياڭ تىياتىرلىرى قۇمۇل ھاكىمىنىڭ ماخت[illegible]غا سازاۋەر بولغان ھەمدە ھاكىم ئۇلار ئىچىدىكى ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىقان ئىككى ئارتىسقا «لەنجۇ چىلىنى» ، «قۇمۇل قوغىنى» دەپ تەخەللۇس قويغان. بۇ ئىككى ئارتىس بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان يەنە «ماۋۇزى» ، «شۇاڭشىزى»لارمۇ بار. بۇ تىياتىر گۇرۇپپىسى قۇمۇل تىياتىرچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىدە مەلۇم رول ئوينىغان.

قۇمۇلدىكى چىڭچياڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى، «ئۆرپ ئادەت ئۆزگەرتىش تىياتىر جەمئىيىتى» كونا شەھەردىكى دىڭشياڭۋاڭ

بۇتخانىسىدا ئەنئەنىۋى چىڭچىيالڭ تىياتىرلىرىنى — «ۋۇجىياپو»، «شىخۇنى سەيلە قىلىش»، «بەيىۋى راۋنىغا سۇرەت ئېسىش»، «ئايال مەھبۇسنى يۆتكەش»، «خۇيەنجۇي»، «ئاق يىلان ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىغان.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇينىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن مىنگو يىللىرىغىچە ھەر يىلى قەمەرىيە 4 — ئاينىڭ 8 — كۈنى لۇڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىدا بۇت سەيلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇن قويۇلاتتى. شۇەنتۇڭنىڭ 3 — يىلىدىكى «كوئىنلون ساياھەت خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «بۇت سەيلىسى مەزگىلىدە سودىگەرلەر نۇۋەت بىلەن بۇت سەيلىسىگە رىياسەتچىلىك قىلاتتى. مۇلكى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارغىلا بۇتقا تاۋاپ قىلغان ئويۇن قويدۇرۇپ بېرەتتى. ساياھەتچىلەر بىر مەھەل تازا كۆپەيگەن ئىدى» دېيىلگەن. لۇڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ھەرىكەتچان سەھنە ياسالغانىدى. ئۇنى خالىغانچە يۆتكىگىلى بولاتتى (سەھنىنىڭ تۆت چاقى بار ئىدى) يىراق يېقىندىكى دېھقانلار ئاتلىق، ھارۋىلىق ئويۇن كۆرگىلى كېلەتتى. بۇ قۇمۇلنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ بۇت سەيلىسى ھېسابلىناتتى. باشقا بايراملاردا گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، دىڭشياڭخۇاڭ بۇ تخانىسى، مەبۇدە بۇتخانىسى، گۇەندىمياۋ بۇتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا بۇت سەيلىسى بولاتتى ۋە ئويۇن قويۇلاتتى.

## قۇمۇلنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى

قۇمۇل ناخشا — ئۇسسۇل ماكانلىرىنىڭ بىرى. خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قومۇل خەلق ئۇسسۇللىرىمۇ تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك:

قومۇل سەنىمى، قارادۆۋە سەنىمى، كۆك مەشرىپى، قار مەشرىپى، توي مەشرىپى قاتارلىق مەشرەپلەردىكى پوتا ئۇسسۇلى؛ ئوت ئۇسسۇلى، زىمىن ئۇسسۇلى، بايان ئۇسسۇلى، تۆگە ئۇسسۇلى، تىرىقچىلىق ئۇسسۇلى، چاچ چۇشۇرۇش ئۇسسۇلى، مۇساپىر بوۋاي ئۇسسۇلى، نازىركوم ئۇسسۇلى، ئورما ئۇسسۇلى، ئات ئۇسسۇلى، موماي چىراق ئۇسسۇلى، چىنە ئۇسسۇلى، سىنچاي ئۇسسۇلى قاتارلىقلار.

## چىنە ئۇسسۇلى

ئۇسسۇلچى ئوڭ قولى بىلەن چاي قويۇلغان ئىككى چىنىنى كۆتۈرۈپ (چوڭ بارماق ۋە بىگىز بارماق بىلەن بىرچىنىنى، ئوتتۇرا بارماق، نامسىز بارماق ۋە چىمچىلاق بىلەن يەنە بىر چىنىنى تۇتىدۇ) ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ قارشى تەرەپكە چاي تۇتىدۇ. چاينى قوبۇل قىلغۇچىمۇ بىر قولى بىلەن ئىككى چىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا چاينىڭ تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى شەرت قىلىنىدۇ.

## تەخسە ئۇسسۇلى

ئۇسسۇلچى ئىككى قولىدا ئىككى تەخسە، ئىككى تال چوكا تۇتۇپ، تەخسىنى چېكىپ ئوينايدۇ. تەخسىدىن رىتىملىق ئاۋاز

چىقىرىدۇ. ئۇسسۇل رىتىملىق ھەم قىزىقارلىق بولىدۇ.

## داپ ئۇسسۇلى

لەرزان داپ ساداسىغا ماسلاشقان ھالدابىر ياكى بىر قانچە قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. داپنى ئەگەر ئىككى كىشى چالسا بىرىنچى كىشى بىر ئاھاڭغا، ئىككىنچى كىشى ئىككىنچى ئاھاڭغا چالىدۇ. ئۇسسۇل قىزىقارلىق ھەم شوخ ئوينىلىدۇ.

## چىراق ئۇسسۇلى

چىراق ئۇسسۇلى ئەسلىدە ئوردىدا ئوينىلاتتى. كېيىنچە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، توي، سۈننەتلەردىمۇ ئوينىلىدىغان بولدى. بۇنىڭدا قارا چىراقنا 9 پىلىك سېلىنىدۇ. ئۇسسۇلچى چىراقنى بېشىدا كۆتىرىدۇ ھەمدە ئىككى قولىنى لەرزان ھەرىكەت بىلەن ئوڭ — سولغا تاشلاپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

## توخۇ ئۇسسۇلى

بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئورۇنلىشىدا — بىرى «خوراز» بىرى «مىكىيان» بولۇپ ئوينايدۇ. ئۇلار ئاۋۋال «خوراز» ھەم «مىكىيان» سىياقىدا نىقاپلىنىدۇ، ئاندىن توخۇ ئۇسسۇلىغا مەخسۇس چېلىنغان مۇزىكا باشلىنىدۇ. «خوراز» قانات قاققان ھالەتتە، «مىكىيان» قانات سۆرىگەن قىياپەتتە مەيدانغا چۈشىدۇ. «مىكىيان» چۆجىلەرنى قوغداش، چۆجىلەرگە يەم بېرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. «خوراز» «مىكىيان» نــــى قوغداش ھەرىكەتلىرىنى قىلىدۇ. ئۇسسۇل قىزىقارلىق بولىدۇ.

## تۆگە ئۇسسۇلى

بۇ ئۇسسۇل بىرقانچە كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئالدىدىكى كىشى تۆگە سىياقىدا نىقاپلىنىدۇ، قالغانلىرى بەللىرىنى ئېگىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. بۇ بەئەينــى قاتار كېتىــــۋاتقان كارۋانغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر ئادەم بۆرىگە ئوخشاش نىقاپلىنىپ مەيدانغا چۈشىدۇ. ئۇلار قىزىقارلىق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆز-ئارا ئېلىشىدۇ. ئۇسسۇل تاماشىبىنلارنى زوقلاندۇرىدۇ.

## ئات ئۇسسۇلى

بۇ ئۇسسۇلنى بىر ئادەم ياكى ئىككى ئادەم ئورۇنلىسىمۇ بولىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە ئاتنىڭ شەكلىنى چىقىــرىدۇ. مەسىلەن: ئاتنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى، بىر پۇتىنى ئالدىغا چامداپ ئوڭ — سولغا ئىغاڭلاپ قويۇشلىرى، قولىنى يۇقىرى — تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرۈشى ئەينى ئاتقا ئوخشايدۇ.

## تېرىقچىلىق ئۇسسۇلى

بۇ ئۇسسۇلنى بىر كىشى ئورۇنلايدۇ. ئۇسسۇلچى يەرگە ئۇرۇق چېچىۋاتقان ھالەتنــى شەكــــىللەندۈرىدۇ. پۇت، قول ھەرىكەتلىرى تەرتىپلىك بولىدۇ. مۇزىكا باھار شادلىقىنــــى،

تېرىقچىلىق خۇشاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## ئورما ئۇسسۇلى

ئورما ئۇسسۇلىنى بىرقانچە ئادەم ئورۇنلايدۇ. بۇنىڭدا تەرلەر خۇددى ئورما ئورۇۋاتقاندەك ئورغاقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئاياللار قوللىرىدا سوغاق چاي قاچىلانغان قاپاق، قوغۇنلارنى كۆتۈرۈپ لەرزان ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

## رەسساملىق

قۇمۇلنىڭ تىيانشان، تاراتى، باغداش قاتارلىق جايلىرىدىكى تاشلارغا چۈشۈرۈلگەن ئادەملەر، ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار، ئوقيا، ھارۋا، ئوقيا ئېتىش، ئوۋ ئوۋلاش، ئۇرۇش ماھارەتلىرى كۆرسىتىلگەن ۋەقەلىك سۈرەتلەر ھەتتا سېرىك ئويۇنلىرى ھەققىدىكى سۈرەتلەردىن قۇمۇلدا رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. كېيىنكى دەۋرلەردىكى، بولۇپمۇ بۇددا ئەقىدىچىلىكى دەۋرلىرىدىكى تامغا چۈشۈرۈلگەن رەسىملەر؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاڭلىق دەۋرلەردىكى ئوردا ئالدىدىكى جۇبى تامغا چۈشۈرۈلگەن رەسىملەر، ئوردا جاھازلىرىدىكى، ئۆي — تورۇس — تاختاپەنلىرىدىكى سىزىلغان تۈرلۈك گۈل، ئۇچار قۇشلارنىڭ رەسىملىرى، ھېيتگاھ، جۈمە مەسچىت قاتارلىق جايلارنىڭ تورىسىغا ئورناتقان تاختايلىرىغا سىزىلغان خىلمۇ — خىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



رەڭلىك گۇل نۇسخىلىرىدىن قومۇلنىڭ يېقىنقى زاماندىكى رەسساملىق سەنئىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

شا مەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە سىرچىلىق، خەتتاتلىق ھەم رەسساملىق ئىشلىرىدا داڭقى چىققان ھاپىز ئاخۇن سىزىپ قالدۇرغان قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنىشى چۈشۈرۈلگەن، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ رەسىملىرى توپلىمى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، بۇ ماتېرىيال ھازىر ئائىلىسىدە ساقلانماقتا.

## خەتتاتلىق

ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ قول يازمىلار بۆلىمىدە، قومۇل ۋاڭىنىڭ «مۇھەممەت بەشىر ئىبنى شاھ ئەردەشىر، — 1229 (مىلادى 1814 — 1813) يىل» دېگەن خېتى بار تامغىسى بېسىلغان «باياز» ناملىق بىر قولىيازما ساقلانغان. بۇ دىۋان شەكلىدە تۈزۈلگەن، 33 نەپەر شائىرنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، بۇنىڭ قولىيازما شەكلى ئىنتايىن چىرايلىق، رەتلىك ھەم كۆركەم. بۇنى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئوردىدا كۆچەرتىپ قالدۇرغان. ۋاڭ ئوردىسىدا ئىنتايىن چىرايلىق خەت يازىدىغان خەتتاتلار بار ئىدى، ئۇلار ھەتتا قۇرئاننىمۇ ئوخشاش كۆچۈرۈپ، تۈپلەپ، مۇقاۋىلاپ چىققان.

شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە ياشىغان ئابدۇلغاپىز ھاجى ئۇستا خەتتاتلاردىن ئىدى. ھېيتكادىكى چىنە گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئابدۇلغاپىز ھاجى 30 پارە قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئايلاندۇرۇپ يېزىپ چىققان ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە سىرچى ھاپىز ئاخۇن ئۇستا

خەتتات بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان «قۇمۇل تارىخى» ، «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى» ، «جۇڭگو — ئەرەب مۇناسىۋەتلىرى تارىخى» ، «جۇڭگو ئىسلام تارىخى» ، «مەشھۇر ئۈچ ساھابە تارىخى» ، «ئۇيغۇرلار تارىخى» ، «تۇڭگانلار تارىخى» ، «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى» قاتارلىق قولىيازما كىتابلىرى ھازىرمۇ بار. بۇ كىتابلارنىڭ خەتلىرى چىرايلىق، رەتلىك، ئوقۇشلۇق يېزىلغان. ئۇ يەنە ۋاڭلار، خوجىلار نەسەبلىرىنى ئالاھىدە چىرايلىق ئۇسلۇب بىلەن يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قوتۇل ۋە ئۇلگىرى ۋە
# ئۇلارنىڭ پىنجىڭ خانى بىلەن مۇناسىۋىتى



# قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئۇزاق ئەجدادلىرىنى قېزىپ كۆرسەك چىڭگىزخان (تېمۇچىن) نىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى بۇغابىن دوۋاخان (ئەسەن بۇقاخان) نىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا باغلىنىدۇ.

ئەسەن بۇقاخان قەدىمكى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دۆلىتىنىڭ بىرىنچى خانى بولغان. 1330 — يىللارغا كەلگەندە ھەسەن بۇقاخاننىڭ چوڭ ئوغلى 18 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئاقسۇغا خان قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىلياس خوجا، چىن تۆمۈر، خىزىر خوجا قاتارلىق ئوغۇللىرى بولۇپ، ھەر بىرسى ھەر بىر جايدا خان ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر 1363 — يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجا ئاقسۇغا كېلىپ، خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانە شەيخ مۇھەممەت، ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن غازى، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمايىل، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم، ئۇنىڭ ئوغلى باقى غازى، ئۇنىڭ ئوغلى يارى مۇھەممەت، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت شاھى بەگ دۇنياغا كەلدى. 1605 — يىللىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام جەمئىيىتى مۇھەممەت شاھى بەگنى مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇن بىلەن قۇمۇل رايونىنى دارىلئىسلام قىلىشقا ئەۋەتتى. مۇھەممەت شاھى بەگ قالماقلارغا قارشى قانلىق غازات جېڭى قىلىدۇ ھەمدە «مۇھەممەت شاھى غازى ھېكىم بەگ» دېگەن نامنى ئالىدۇ. دېمەك، مۇھەممەت شاھى غازى ھېكىم بەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرىنچى ئەۋلادىدۇر.

## ئەبەيدۇللا تارخانبەگ

بىرىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا — (1697—1709) 1696 يىلى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىڭ سۇلالىسىگە قارايدۇ. 1697 — يىلى ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلى گۇپا (ۋاپا) بەگنى بارىكۆلگە ئەۋەتىپ جۇڭغارلارنىڭ قۇمۇلدىكى ۋەكىلى غالدانىنىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى تۇتۇپ بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىدۇ. شۇ يىلى 10 — ئايدا چىڭ ھۆكىمىتى موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى بويىچە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنى قىزىل تۇغلۇق ئۇيغۇر قوشۇنى قىلىپ ئايرىيدۇ. ئەبەيدۇللانى 1 — دەرىجىلىك جاساق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. يەنە ئۇنىڭ تارخانبېگى نامىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە جاساق مۆھۈرىنى بېرىدۇ. جىيەكلىك قىزىل تۇغ تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى گۇپا بەگنى 2 — دەرىجىلىك بەگلىككە تەيىنلەيدۇ. ئۇ 200 دەك ئادىمى بىلەن سۇجۇدا (جيۇچەندە) تۇرىدۇ. كاڭشى خان 1706 — يىلى ئەبەيدۇللانى بېيجىڭغا چاقىرتىدۇ. ئەبەيدۇللا يەنە 8 ئۇيغۇرنى باشلاپ خان ئالدىغا نۇرغۇن سوۋغا — سالاملار بىلەن بارىدۇ. شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم قۇمۇل قوغۇنى خانغا سوۋغا قىلىنىدۇ. خان بۇ توققۇز ئۇيغۇرنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ماختاپ ئۇلارغا نۇرغۇن ئىنئاملار بېرىدۇ. خاننىڭ پەرمانى بىلەن قۇمۇلنىڭ ئۇششاق تال دېگەن يېرىدە بۇ توققۇز ئۇيغۇرنىڭ ھەيكىلىنى ياسايدۇ. شۇندىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ بۇ كىشىلەرگە

ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتتۈشى بىر تۈزۈم بولۇپ قالدۇ.

ئەبەيدۇللا بەگ شۇ قېتىم بېيجىڭدىن قايتقىچە خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، قۇمۇلدىكى جاساق ئوردىسىنى (كونا شەھەر ئىچىدىكى تۆۋەن ئوردا) نى سالدۇرىدۇ. ئەبەيدۇللا بېيجىڭدىن قايتقاندىن كېيىن كاڭشى خان قۇمۇلدا شەھەر ئەتراپىغا سېپىل سوقۇپ، مۇكەممەل بىر شەھەر بىنا قىلىشقا پەرمان بېرىدۇ. يەنە ئەبەيدۇللانىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئادەم سانىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. نەتىجىدە توخسۇن، پىچاندىن ئادەم ئېلىپ كېلىپ قارادۆۋە، لاپچۇققا؛ ئاقسۇ، كۇچاردىن ئادەم ئېلىپ كېلىپ توغۇچى، جىگدە تەرەپلەرگە؛ قەشقەر، خوتەن، يەكەنلەردىن ئادەم ئېلىپ كېلىپ ئاستانا، سۇمقاغىلارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە خان ئەبەيدۇللانىڭ قاتناش يولى ھەققىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئىچكىرىدىن چاقىلىققا ئۆتىدىغان يىپەك يولىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇل ئارقىلىق ئۆتىدىغان بۇرۇنقى چوڭ يولنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. يەنە ئەبەيدۇللا بەگنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قۇمۇل سودىگەرلىرىنىڭ گەنسۇ بىلەن سودا ئالاقە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

ئەبەيدۇللا بەگ كاڭشىنىڭ 48 — يىلى (1709 — يىلى) ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## خان ئەسكەرلىرىنىڭ پانۇس بىلەن شەھەر ئېلىشى

1670 — يىللاردا جۇڭغارلار قۇمۇلغا ئۆزلۈكسىز ھوجۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



قىلىپ خەلققە ئارام بەرمەيدۇ. شۇ چاغدا قۇمۇلنى سوراۋاتقان بەگ — ئەبەيدۇللا بەگ ئون نەچچە نەپەر ئەمەلدارنى بېيجىڭ خان ئالدىغا، ياردەم سوراپ يولغا سالىدۇ. خان جاۋخۇي ئىسىملىك ئەمەلدارنى 10 مىڭ ئەسكەرگە قوماندان قىلىپ، جۇڭغارلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ قۇمۇل ئەتراپىغا كەلگەندە ھەر بىر ئەسكەر بىردىن كىچىك پانۇس، ھەر ئون ئەسكەر بىردىن چوڭ پانۇس كۆتۈرۈپ كېچىدە شەھەرنى قورشايدۇ. ھەم تەرەپ — تەرەپتىن كانەي — سوناي، دۇمباقلار ياڭراپ كېتىدۇ. قاراڭغۇ كېچىدە ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن قىزىل — يېشىل پانۇسلار جۇڭغارلارنى ۋەھىمىگە سالىدۇ. جۇڭغار تېرە — پېرەڭ بولۇپ تەرەپ — تەرەپلەرگە قېچىشقا باشلايدۇ. شۇندىن كېيىن قۇمۇل جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

## قۇمۇل كونا شەھەر سېپىلىنىڭ بىنا قىلىنىشى

1698 — يىلى بېيجىڭ خانى قۇمۇل كونا شەھەر ئەتراپىغا سېپىل سوقۇپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئەمەلدارنى قۇمۇلنىڭ يەر تۈزۈلىشىنى، دائىرىسىنى، كېتىدىغان خىراجەت، ئىشلەيدىغان ئادەم ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن چىقىرىدۇ. بۇ ئەمەلدار قۇمۇلغا كېلىپ شەھەر ئورنىنى پىلانلاپ شەرقىي تەرەپ چىچەك ئاۋاتقىچە، شىمال تەرەپ ئامانقاغىچە، غەربىي تەرەپ تۇسقىغىچە، جەنۇبىي تەرەپنى ئاسلانلىققىچە مۆلچەرلەپ، بىر كۈندە مىڭ ئادەم ئىشلىسە ئالتە يىلدا تامام بولىدىغانلىقىنى پىلانلاپ، بۇنىڭغا كېتىدىغان ئالتۇن، كۈمۈشنى ھېسابلاپ خانغا

يوللايدۇ. خان بۇنى تەستىقلاپ، سىڭگەر ئىسىملىك بىر ئەمەلدارنى مەسئۇل قىلىپ چىقىرىدۇ. سىڭگەر قۇمۇلغا چىقىپ، ئازغىنە يەردە شەھەر سېپىلىنى سوقۇپ، ئالتە يىللىق ئىشنى ئالتە ئايدا پۈتكۈزۈپ، قالغان ئالتۇن كۈمۈشنى يېنىغا سېلىپ قايتىدۇ. خان بۇنىڭ ئىشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇلغا تەپتىش چىقىرىدۇ ھەم سىڭگەرنىڭ قىلمىشىنى ئاڭلاپ، ئۇنى دەرھال ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.

## ئۇششاق تالدىكى توققۇز ئۇيغۇر ھەيكىلى

قۇمۇلنىڭ ئۇششاق تال دېگەن يېرىدە توققۇز ئۇيغۇرنىڭ ئەينى يىللاردىكى ھەيكىلى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھەر قانداق جايدىن كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ بۇ كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتۈشى بىر تۈزۈم بولۇپ قالغان ئىدى. بۇلار ئەسلىدە (1676 — يىللاردا) خان لەشكەرلىرىگە ماسلىشىپ، قۇمۇلدا جوڭغارلارغا قارشى كۈرەش قىلغان پالۋانلار ئىدى. خان شۇ چاغدا ئەبەيدۇللا بەگنى بېيجىڭگە چاقىرتقاندا بۇ توققۇز ئۇيغۇرنى بىللە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇغان ھەم ئۇلارغا چوڭ ھۆرمەت كۆرسىتىپ، نام - ئاتاق بەرگەن ۋە قۇمۇلنىڭ مەنزىرىلىك جايىغا بۇ توققۇز كىشىنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىپ، ئەۋلادلارنىڭ مەڭگۈ ھۆرمەتلەپ تۇرۇشىنى تۈزۈم قىلىپ قويغان ئىدى.

## گۇپا بەگ (ۋاپابەگ)

ئىككىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى گۇپابەگ (1711 — 1709)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىلى 4 — ئايدا ئەبەيدۇللانىڭ چوڭ ئوغلى گوپا بەگ 1 - دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگلىككە ۋارىسلىق قىلىدۇ. گوپا بەگ ئىككى يىل تەختتە ئولتۇرۇپ ۋاپات بولىدۇ.

## ئىمىن ۋاڭ

ئۈچىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىمىن — (1711—1740) 1711 يىلى دادىسى گوپا بەگنىڭ 1 - دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگلىكىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇ قۇمۇل شەھەر ئىچى ئورداخى مەھەللىسىدە (تۆۋەن ئوردا) دەپ ئاتالغان ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئىمىن ۋاڭ ھەربىي ماھارەتتە پىشقان بولۇپ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ ئوقيا ئېتىپ مەشق قىلىش مەيدانى شەھەرنىڭ سىرتىدا 10 موغا يېقىن جاينى ئىگىلىگەنىدى. 1715 — يىلى سېۋىن ئاروبدان قۇمۇلغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئىمىن ۋاڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ، چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى موداپىئە قوشۇنىدىن 200 كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ، ئۇرۇشتا ئىمىن ۋاڭ ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە جوڭغار قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 20 چاقىرىم چېكىنىدۇ ۋە كېيىن قېچىپ كېتىدۇ. خان بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئىمىن ۋاڭ ۋە باشقىلارنى 15 مىڭ سەر تەڭگە بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. پۇقرالارغا ئاشلىق، قوي، كالا تۇرلۇك كىيىم - كېچەكلىك رەخت ياردەم بېرىدۇ. كاڭشى خان ھەمىشە ئىمىن ۋاڭنىڭ ئاز ئادەم بىلەن كۆپ دۈشمەننى يېڭىشتەك ئالاھىدە زور

ماھارىتىنى ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ھەم باشقا جايلاردىكى مۇداپىئە قوشۇنلىرىغا بۇ جەڭ مىسالىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئىلھام بېرىدۇ. 1718 — يىلى ئىمىن ۋاڭ قومۇلدىكى بىر تۈركۈم دېھقانلارنى تاشۆيلىقا (تالناچىنغا) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. 1729 — يىلى ئىمىن ۋاڭ خان ئالدىغا بارىدۇ. خان ئۇنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى ماھىرلىقىنى كۆرىدۇ. 1722 — يىلى ئىمىن ۋاڭ قومۇللۇق ئۇيغۇرلاردىن 400 كىشىنى تۇرپانغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 4 — يىلى (1740 — يىلى) 12 — ئاينىڭ 10 — كۈنى ئىمىن ۋاڭ ۋاپات بولىدۇ.

## ئىمىن ۋاڭنىڭ خاننى ھەيران قالدۇرۇشى

ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى ماھارىتى ئاللىقاچان خاننىڭ مەشھۇر مەشقاۋۇللىرىغا يېتىدۇ. ئۇلار ئىمىن ۋاڭنىڭ ماھارىتىنى خاندىن بۇرۇنراق كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، ئىمىن ۋاڭ خان سارىيىغا كىرگەن كۈنىلا مەشقاۋۇللار ئۇنى ئوقيا ئېتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئىمىن ۋاڭ خاندىن بىر رۇخسەت ماھارەت كۆرسىتىشتىن ئەندىشە قىلىپ، ئوقيانى خاتا ئېتىپ، مەشقاۋۇللارنىڭ غۇرۇرىنى ئاشۇرۇپ قويىدۇ. ئەتىسى خان ئالدىدا ماھارەت كۆرسىتىش باشلانغاندا ئۇ ھېچقانداق رەسمىيەتلەرگە قارىماستىنلا ئوقيا ئېتىش مەيدانىغا كىرىدۇ ـ دە، نىشان قىلىنغان چەمبىرەكتىن ئۆزلۈكسىز ئۈچ ئوقنى ئۆتكۈزىدۇ. تاماشىبىنلار ئىچىدە چوقان كۆتۈرۈلۈپ، گۈلدۈراس

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئالقىشلار ياڭرايدۇ. بۇ ئىش خاننىڭ ئاتاقلىق مەشقاۋۇللىرىنىڭ ھەسەت ئوتىنى كۆچەيتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن بىرسى بىر گۇناھكار ئادەمنى ئېلىپ كېلىدۇ-دە، بېشىغا بىر تال تۇخۇمنى قويىدۇ، ھەم ئىمىن ۋاڭغا ئادەمگە دەخلى يەتكۈزمەي، تۇخۇمنى چېچىشنى بۇيرۇيدۇ. ئىمىن ۋاڭ قىلچە ئىككىلەنمەي، ئوقيانى قولىغا ئېلىپ، نەق تۇخۇمنىڭ ئۆزىنى قارىغا ئالىدۇ ۋە شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكى تۇخۇم چېقىلىپ ئادەم ساق قالىدۇ. تاماشىبىنلار ئىمىن ۋاڭنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، مەشقالالا ئېيتىدۇ. چاۋاك ساداسى ھەممە ياقنى قاپلايدۇ. خانمۇ ئۇنىڭ ماھارىتىگە ھەيران قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

## شامالچار باغنىڭ بىنا قىلىنىشى

ئىمىن ۋاڭ ئوقيا ئېتىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن بېيجىڭدە خاننى ھەيران قالدۇرغاندىن كېيىن، خاننىڭ ئۇستا مەشقاۋۇللىرىنىڭ ھەسەت ئوتى كۈچىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن بىرنەچچىسى خان ئالدىغا كىرىپ، ئىمىن ۋاڭغا ئىللەت قويۇپ دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار خانغا: «ئىمىن ۋاڭ دېگەن كىچىككىنە بىر جاينىڭ، يەنى خاننىڭ قول ئاستىدىكى جاينىڭ يەرلىك بېگى، ئۇ خاننى كۆزگە ئىلمىدى. ئوقيا ئېتىش مەيدانىغا كىرىشتىن بۇرۇن خانغا تەزىم قىلىشى كېرەك ئىدى، ئىمىن ۋاڭ مەشقاۋۇللارنىڭ ئىنتىزام رەسمىيەتلىرىگە بويسۇنماي مەنمەنچىلىك قىلدى. خان بۇنىڭغا چارە كۆرۈشى كېرەك» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. خان مەشقاۋۇللارنىڭ دەۋاسىنى توغرا تاپىدۇ. شۇڭا ئىمىن ۋاڭنى ئىلىنىڭ شامالچارۋاغ دېگەن يېرىگە 15 يىللىق

سۇرگۈن قىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ سۇرگۈندە 12 يىل يۇرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بالىلىرى ئاتىسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن 10 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايغا بىر قۇرغان ياساپ، ئۇنىڭغا شامالچارۋاغ دېگەن نامنى قويۇپ دادىسىنى شۇ قۇرغانغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن خانغا ئىلتىماس سۇنىدۇ، خانمۇ ئاخىرى ئىمىن ۋاڭنى قۇمۇلدىكى شامالچارۋاغقا قايتۇرۇپ كېلىشكە قوشۇلىدۇ.

هازىرقى قۇمۇلدىكى شامالچارۋاغ يېزىسى شۇندىن تارتىپ بىنا بولغان.

## يۇسۇپ ۋاڭ

تۆتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى يۇسۇپ (1740 — 1760) چيەنلۇڭنىڭ 5 — يىلى (1740 — يىلى) دادىسىنىڭ ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قۇمۇلنىڭ باسقاق بېگى بولىدۇ.

1756 — يىلى تۇرپاندا جۇڭغارلار بىلەن بىرلىشىپ كۆتىرىلگەن ئىسيانىنى باستۇرۇشتا يۇسۇپ ۋاڭ خىزمەت كۆرسىتىپ خان تەرىپىدىن تارتۇقلىنىدۇ. 1758 — يىلى يەنە يۇسۇپ ۋاڭ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى-چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جازا يۇرۇشى قىلىپ، جەڭدە ماھارەت كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن گاۋزوڭ خان تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەمەل ئىنئام بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. — 1758 يىلى خان يۇسۇپ ۋاڭنى قەشقەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەيدۇ. 1760 — يىلى خان يۇسۇپ ۋاڭنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 40 بەگنى باشلاپ پايتەختكە بېرىپ خاننى زىيارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. گاۋزۇڭ خان ئۇلارنى نۇرانە سارايدا قوبۇل قىلىپ خاس تون، تەڭگىلەر بىلەن تارتۇقلايدۇ. راھەتباغدا بىر قانچە قېتىم زىياپەت بېرىدۇ. يەنە خان يۈسۈپ ۋاڭنىڭ قۇمۇلغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىر يىل دەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئىنىسى ئابدۇللانى ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ.

1758 — يىلى قۇمۇلدا تۇنجى قېتىم گازارما مەكتەپ،[1] يېزا مەكتىپى قاتارلىق ئىككى مەكتەپ قۇرۇلىدۇ، 1766 — يىلى 500 ئائىلىلىك دېھقان قۇمۇلدىن، ئىلىغا دېھقانچىلىق قىلىشقا كۆچۈرىلىدۇ. 1767 — يىل 12 — ئايدا يۈسۈپ ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم بېيجىڭگە خاننى زىيارەت قىلىشقا ماڭىدۇ. شەنشىنىڭ لىڭشى ناھىيىسىگە كەلگەندە يۈسۈپ ۋاڭغا چېچەك چىقىپ ۋاپات بولىدۇ. ئىبراھىم دادىسىنىڭ جەسىدىنى قايتۇرۇپ كېلىۋېتىپ، گەنسۇنىڭ پىڭلياڭ ناھىيىسىگە كەلگەندە چېچەكنى يۇقتۇرۇۋېلىپ ئۇمۇ قازا قىلىدۇ.

زىگۇاڭگى سارىيىدىكى 50 تۆھپىكارنىڭ سۈرىتى ئىچىدە يۈسۈپ ۋاڭنىڭمۇ سۈرىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق مەدھىيە ئوقۇلغان: «يۇرتىنىڭ سەركەردىسى، قۇمۇلنىڭ ئىنانچىخان، دەرىجىلىك بېيلىسى يۈسۈپ. ئۆز جەمەتى ئارىسىدىكى ئابرۇيلۇق زات، ھەربىي ئىشلاردا بىزگە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرگەن. ئالتە شەھەرنى بويسۇندۇرغان. ئۈچتۇرپاندا تىنچلىق ئورناتقان»

يۈسۈپ ۋاڭ دەۋرىدە قۇمۇل شەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىغا يانداش يۈزچى ئېگىزلىكتە، توققۇز دەرۋازىلىق چوڭ ئوردىنى

---

[1] گازارما مەكتەپ - چيەنلوڭ دەۋرىدە قۇمۇلدا تورۇشلۇق ھەربىي قىسىم ئوفىتسىر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان مەكتەپ

سالدۇرغان. يەنە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى «ئابات باغ» نى بىنا قىلغان. يەنە ئارىتام باغ، باغداش باغلىرىنى بىنا قىلدۇرغان. ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى سالدۇرغان.

## ئىسھاق ۋاڭ

بەشىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىسھاق (1780 — 1767) چيەنلۇڭنىڭ 32 — يىلى (1767 — يىلى) يۇسۇپ ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق ئىنانچىخان دەرىجىلىك دوروبېلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. 1771 — يىلى بېيجىڭگە بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىدۇ. 1773 — يىلى ئىسھاقنى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىلىغا، ئىلى جاڭجۈنى شۇخۇدېنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ. 1776 — يىلى قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ ۋاڭلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يۇسۇپ ۋاڭ بوۋىسى ئىمىن ۋاڭغا ئوخشاش ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ دائىم ھەشەمەت بىلەن ئوۋغا چىقاتتى. 1780 — يىلى ئىسھاق ۋاڭغا چېچەك چىقىپ ۋاپات بولىدۇ. ئىسھاق ۋاڭ دەۋرىدە ئارىتام، باغداش باغلىرىنىڭ ئوردا قورۇلۇشلىرى، باغ قورۇلۇشلىرى پۈتىدۇ. تورلۇك كۆچەتلەر تىكتۈرىلىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى تۇغلۇق مازار (سۇلتان سېيىت ئەخمەت بەلىغى) ئامىدىكى مەسچىتنى سالدۇرىدۇ.

## ئەردىشىر ۋاڭ

ئالتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەردىشىر (183 — 1780)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چيەنلۇڭنىڭ 45 — يىلى (1780— يىلى 11 — ئايدا) ئىسھاق ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى ئەردىشىر ئىنانچىخا دەرىجىلىك دورۇ بېلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ.

ئەردىشىر 1790 — يىلى، 1795 — يىلى، 1802 — يىلى، 1809 — يىللىرى 4 قېتىم بېيجىڭگە بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىدۇ. رېنزۇڭ خان ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم زىياپەتلەردە بىللە بولۇپ كۆڭۈل ئاچىدۇ.

ئەردىشىر ۋاڭ قۇمۇل ئالتۇنلۇقتىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئاخىرقى قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرىدۇ. چاڭغۇ ۋە چوقايتۇردىكى باغچىلارنى ئۆز نامىغا سالدۇرىدۇ.

ئەردىشىر ۋاڭ جياچىڭنىڭ 18 — يىلى (1813— يىلى — 2 ئايدا) ۋاپات بولىدۇ.

## ئۇچتۇر خەلپەم ھەققىدىكى رىۋايەت

ئەردىشىر ۋاڭ دەۋرىدە خەلق ئىچىدە «ئەردىشىر ئوۋغا چىقتى، كەينىدىن غوۋغا چىقتى» دېگەن ماقال تارقالغان بولۇپ خەلق بۇنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەردىشىر ۋاڭ دەۋرىدە ئۇچتۇر خەلپەم دەيدىغان بىر ئەۋلىيا ئۆتكەنىكەن. ئەردىشىر ۋاڭ بۇ كىشىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئىبادەت قىلۇر ئىكەن. كىشىلەر ئارىسىدا ئۇچتۇر خەلپەمنى «ئۇچىدىغان» مۇقامىغا يېتىپتۇ. ناماز بامداتنى قۇمۇلدا ئۆتىسە، قالغان نامازلارنى ئىختىيار قىلغان جايلاردا ئۆتەپ، ناماز خۇپتەننى بەيتۇللادا ئۆتەپ، ناماز بامداتتا قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدىكەن. دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. ۋاڭ ئۇچتۇر خەلپەمنىڭ بۇ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ

يىقىلىنىشىپتۇ. بىراق ھېچقانداق سىر ئاللىماپتۇ. شۇڭا ئۇ بىر كۈنى ئۇچتۇر خەلپەمنى چاقىرتىپ كېلىپ، سىرىنى ئاشكارىلاشقا قىستىغانلىقتىن بۇ كىشى نائىلاج «مېنىڭ يىگىمنىڭ ئىچىگە قاراڭ» دەپتۇ. ۋاڭ يەڭ ئىچىدىن بەيتۇللانى ئاشكارە كۆرۈپتۇمىش. ئۇچتۇر خەلپەم ئەتە مېنىڭ جىنازا نامىزىمغا كېلورسىز دەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى ۋاڭ ئوۋغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن مەلۇمچى: «خەلپەم سىرىنى ئېيتىپ قويغانلىقتىن بۈگۈن ۋاپات بوپتۇ» دەپ خەۋەر قىپتۇ. ۋاڭ بۇنى ئاڭلاپ «ئەردىشىر ئوۋغا چىقتى، كەينىدىن غوۋغا چىقتى» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ كەينىگە قايتىپتۇ ـ دە، ئۇچتۇر خەلپەمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشىپ، كاتتا نەزىرلەر بېرىپتۇ. «بالىلىرىغا مەندىن كېيىن قالساڭلار خەلپەمنىڭ مازىرىنى دائىم يوقلاپ تۇرۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. ئۇچتۇرخەلپەمنىڭ مازىرى ئاپپاقتۇر دېگەن جايدا هازىرمۇ بار.

## بېيجىڭ خان سايى 3 — قوۋۇقتىكى شامابىي — دېگەن خەتنىڭ مەنىسى （下马陛）

ئەردىشىر ۋاڭ (1813 — 1780) جۇنۋاڭ بولۇپ 3 قېتىم بېيجىڭ خانغا سالامغا بارغان. ئۇ ئۇچىنچى قېتىم سالامغا بارغاندا پادىشاھ (جاچىڭ خان) ئىگىنزدە سەيلىدە ئىدى. ئەردىشىر ۋاڭ شاهى سەرپالار بىلەن كۆمۈشتىن ياسالغان ئىگەر، يۈگەنلىك ئاتقا مىنىپ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە خان سارىيىنىڭ 3 — دەرۋازىسىغا

يېتىپ كېلىدۇ. خان ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ كېلىۋاتقان بۇ سۆلەتلىك كىشىگە قاراپ ئەۋۋەل شامابېي (بارچە ئەمەلدارلار ھەم رائىيە بۇ يەردە ئۆچاغىدا ئەردىشىر ۋاڭ 3 — ئىشىكتە توختاپ ئاتتىن چۈشىدۇ. ئاندىن خان سورايدۇ:

—نەنىڭ خاقانى بۇ گوچىڭ ۋاڭ؟

—قۇمۇل ۋاڭى ئەردىشىر، جاناپلىرىنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى.

شۇندىن بېرى «چىڭ ۋاڭ» (قىممەتلىك ۋاڭ مەنىسىدە) سۆزى قۇمۇل ۋاڭلىق ئاتالغۇسىدا پەيدا بولغان. ھەم ئەردىشىر ئاتتىن چۈشكەن دەرۋازىغا خاتىرە ئۈچۈن شامابېي (下马陛) دېگەن خەتنى تاختايغا ئالاھىدە يېزىپ ئېسىپ قويغان.

## بېشىرۋاڭ

يەتتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى بېشىر (1813 — 1866) جياچىڭنىڭ 18 — يىلى (1813 - يىلى) ئەردىشىرنىڭ چوڭ ئوغلى بېشىر ئىنانچخان، دورو بېلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، بېشىرۋاڭ زېرەك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نىسبەتەن يېقىن بولۇپ خان ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ چىڭۋاڭ قىلىدۇ. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدا بىر ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. ئەگەر ئۇقوللىرىنى يېنىغا سېلىپ ئۆرە تۇرسا ئىككى قولىنىڭ ئۇچى ئىككى تىزىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزى ساددە كەلگەن كىشى ئىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقا، سودا - سېتىق ئىشلىرىغا، ئۆي، ئىمارەت، باغ، مەدرىس قۇرۇلۇشلىرىغا كۆڭۈل

بۆلگەنىدى. شۇڭا قۇمۇل خەلقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن كەڭ شوغۇللانغان. شۇ يىللاردا قۇمۇلدا مەمۇرچىلىق بولغان ئىدى. بېشىر ۋاڭ 1815 — يىلى، 1819 — يىلى رېخىغا (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې ناھىيىسىگە) بېرىپ خانغا كۆرۈنۈپ قايتقان، 1823 — يىلى، 1833 — يىلى ئىككى قېتىم بېيجىڭگە بېرىپ خاننى زىيارەت قىلغان. خان ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يەنە ئۆستۈرۈپ، خان ئالدىدا ئازادە مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان.

بېشىر ۋاڭ دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ تېرىقچىلىق يەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئوردىغا قارايدىغان، مال-چارۋىلارمۇ ئوردىغا قارايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ تارىخىي ئەمىنىيەسىدە مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ: «بېشىر ۋاڭنىڭ يىلقىسىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىكەن. تاغدىكى قويلىرى 270 قوتان بولۇپ، ھەر قوتاندىكى قوينىڭ سانى 700 دىن كام ئەمەس، 1200 دىن زىيادە ئەمەس ئىكەن».

بېشىر ۋاڭ قۇمۇلدا مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ مەكتەپ، مەدرىسلەرنى بىنا قىلىپ، تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلىم، تىبابەتچىلىككە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. بۇ تارىخىي ئەمىنىيەدە مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ: «بېشىر ۋاڭ ئىلىم - بىلىم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ، مەدرىسلەر بىنا قىلىپ، تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلىم - تىبابەتچىلىككە كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللىي تىبابەتچىلىكنى يولغا قويغان. داۋالاش جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ چىقارغان. قۇمۇل خەلقى ئىچىدە ئالىملار، موللىلار، ساۋاتلىقلار كۆپ، ساۋاتسىزلار كەمدىن كەم ئىكەن» بېشىر ۋاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەۋرىدە ئوردىنىڭ مەخسۇس نوپۇس دەپتىرى بار ئىدى. تۇغۇلغان بالىلار نوپۇس دەپتىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، 7 ياشقا توشقاندا ئوردىنىڭ مەخسۇس مەكتەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەن، كىرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرەتتى. مەكتەپكە بارمىغانلىرىنى مەكتەپكە بېرىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

بېشىرۋاڭ دەۋرىدە ئالتۇنلۇقتىكى ھېيتگاھنىڭ چىنە گۈمبىزى تۇرغۇزۇلغان. شەھەر ئىچىدىكى كونا مەدرىس بىنا قىلىنغان. راھەتباغ، ئۈزۈملۈك باغلار سالدۇرۇلغان.

1864 — يىلى 8 — ئاينىڭ 29 — كۈنى خۇيزۇ مىللىتى بىلەن خەنزۇ مىللىتى ئوتتۇرىسىدا ماجرا چىقىپ ۋاڭغا سونۇلغاندا بېشىرۋاڭ چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىشىپ مىڭدىن ئوشۇق خۇيزۇ خەلقىنى قىرغىن قىلىدۇ.

1866 — يىلى سۈپۈرگە باشچىلىقىدا بىر قىسىم كىشىلەر ۋاڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ، سۈپۈرگە خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بېشىر ۋاڭنى تۇتۇپ بېرىدۇ. 1867 — يىلى 1 — ئايدا بېشىرۋاڭ خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## مېھرىبانو ۋاڭ

بېشىر ۋاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت تۆگجىنىڭ 6 — يىلى (1867 — يىلى) 7 — ئايدا خوشۇت چىڭۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. مۇھەممەت ۋاڭ توغماپالەچ بولۇپ ئۆز ئۆزىنى جوڭقۇرالمىغاچقا ئانىسى مېھرىبانو ئوردىنىڭ چوڭ

ھوقۇقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ. خان 1869 – يىلى مېھرىبانوغا
چىڭۋاڭ فۇجۇڭلۇق مەرتىۋىسىنى بېرىدۇ.
1873 – يىلى شەنشىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ
باشلىقى بەييەنخو قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى يۇسۇپ بىلەن مەخپى
ئالاقە باغلاپ، شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىدۇ. قومۇل خەلقى
تېرە - پىرەڭ بولۇپ قاچىدۇ. مېھرىبانو بەييەنخو تەرىپىدىن
چىقىرىلمىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن
شەھەر ئىچى خارابىلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. بەييەنخۇ 2000 دىن
ئارتۇق دېھقاننى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. 1877 –
يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ بەييەنخوغا ھوجۇم قىلىپ
ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن دېھقانلارنى
قايتۇرۇپ كېلىدۇ. 1878 – يىلى 1 – ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى
مېھرىبانونى قومۇلغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ
مېھرىبانو قومۇلنى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈش
ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئاق قالغان يەرلەرنى خەلققە
بۆلۈپ بېرىپ خەلقنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىگە ياردەم بېرىدۇ.
ئالۋان - سېلىقنى ئېلىپ تاشلايدۇ، سۇ ئىشلىرىغا ئالاھىدە
كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئوردىدا گادايلار سېڭى سالدۇرىدۇ. كۈندە نەچچە
مىڭ نان ياقتۇرۇپ گادايلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ تەرتىپ
بىلەن بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن خەلقنىڭ ھالى
ياخشىلىنىپ قالىدۇ. ئۇياق - بۇياققا قېچىپ، سەرسان بولۇپ
يۈرگەنلەر قايتىپ كېلىدۇ.
مېھرىبانو ۋاڭ ئادەم چىقىرىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن
سوپۇرگە ۋە بەيىيەنخوغا سېتىلغان يۇسۇپلەرنى تۇتۇپ كېلىپ
ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ قىساس ئالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



1882 — يىلى مۇھەممەت ۋاڭ ۋاپات بولىدۇ. مېھرىبانو ۋاڭ ياشىنىپ قالىدۇ. 1882 — يىلى 7 — ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى شاماخسۇتنىڭ جاساق خوشۇت چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى تەستىقلايدۇ. مېھرىبانو شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاڭلىق ھوقۇقىنى شاماخسۇتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## شاماخسۇت ۋاڭ

توققۇزىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى شاماخسۇت (1882—1930) قۇمۇلدا 48 يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ.

مېھرىبانو ئۆز ۋۇش مالىمانچىلىقىدا سەرسان بولۇپ، قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندە، بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىزنى ئۆز ۋۇش ۋەھىمىسىدە تاغدا قويچى بولۇپ يۈرگەن تاجىدىن تەيجىنىڭ ئوغلى شاماخسۇتقا ياتلىق قىلىدۇ. ئۆزۈن ئۆتمەي مېھرىبانو ۋاڭ شامەخسۇتنى ئوردا بەگلىكلىكگە تەيىنلەپ، ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىدىن بىر تەرەپ قىلىشقا قويىدۇ. 1882 — يىلى خانلىقتىن شاماخسۇتنى جاساق خوشۇت چىڭۋاڭلىققا تەيىنلەش پەرمانى كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قۇمۇلنىڭ ۋاڭى سۈپىتىدە تەختكە چىقىدۇ. ئۇ تەختكە چىقىپلا ھاشا كۈننى ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگە كۆپەيتىدۇ. كېيىنچە 7 كۈنگە كۆپەيتىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوردىنىڭ بايلىقىنى خېلى كۆپەيتىۋالىدۇ. شاماخسۇت خان ئالدىدا خېلى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ شىنجاڭدىكى ۋاڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، قوش ماياش ئالاتتى. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمتىيازلىرى ئاستا - ئاستا غولاپ، نۇرغۇن جايلارنى قوزغىلاڭ

ئوتلىرى قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ شاماخسۇت ۋاڭنىڭ بىر قاتار ئوردا تۈزۈملىرى مۇكەممەل ئىدى. باج - سېلىق -يېغىش، ئالۋاڭغا ھايداش، ھاشا قىلىش، تۆمۈر ھېساپ بويىچە چارۋىلارنىڭ ھېسابىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلار قومۇل خەلقىنى جېنىدىن جاق تويغۇزىدۇ. نەتىجىدە 1907 — يىلى «تورپاقلار قوزغىلىڭى» . 1912 — يىلى «تۆمۈر خەلپە» قوزغىلاڭلىرى كۆتىرىلىدۇ.

شاماخسۇت ۋاڭ 1930 — يىلى 6 — ئاينىڭ 6 — كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

## شاماخسۇت ۋاڭنىڭ چوڭ قىزى خان فۇجۇڭ خېنىمنىڭ تويلىقى

گۇاڭشۈيىنىڭ 30 — يىلى شاماخسۇت ۋاڭنىڭ قىزى خان فۇجۇڭ خېنىمنى لوكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجىغا توي قىلغاندا، ئىمىن خوجا تۆۋەندىكىدەك تويلۇق بەرگەن: 100 تۆگە، 100 ئات، 100 كالا، مىڭ قوي، 200 تاغار بۇغداي 100 تاغار خوما. 100 تاغار زاراڭزا، 100 تاغار كەندىر، مىڭ جىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، مىڭ جىڭ قاق، مىڭ سەر كۈمۈش، 5000 سەر تەيزە، بىر يىلنى 3 ئايدىن 4 پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر پەسىلنى 90 كۈنگە ئايرىپ، ھەر كۈنگە بىر ياقىدىن كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت بۇنىڭ ئىچىدە قىشلىق 90 كۈنگە ھەر خىل تۈلكە، بۆرە، شولۈسۈن، سۆسەر، قاما قاتارلىقلاردىن ئۈزۈن — قىسقا جۇۋا، پىنجەك؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالغان كۆزلۈك، يازلىق، ئەتىيازلىق كىيىملەرمۇ ھەر خىل بولۇپ، ھەر خىل مەشۇتلاردىن، يالاڭ، ئەستەرلىك كىيىملەر، خىلمۇ - خىل چاشما تىكىلگەن، ئىلمە توقۇلغان، زەر باسقان كۆكنەكلەر، لىمچىلار، خىلمۇ - خىل يىپەك ياغلىقلار؛ ئۇنىڭدىن سىرت 100 شىرەلىك ھەر خىل مېۋە - چېۋە كۆكتات بەرگەن (بۇ نەرسىلەر قۇمۇلنىڭ دەسلەپ رەتلەنگەن تارىخىي ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزۈلگەن.)

## خان قۇجۇڭ خېنىمنىڭ تويى

شاماخسۇت ۋاڭ قىزىنى لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجىغا توي قىلغاندا تويلۇق تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، توي توختىمى40 كېچە - كۈندۈز دەپ كېلىشكەن. لۈكچۈندىن يەتتە قۇدۇقچە بولغان بارلىق قاتناش چىقىمى لۈكچۈن ۋاڭ تەرەپتىن، ئۇنىڭدىن قۇمۇلغىچە بولغان بارلىق چىقىم قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن بولىدۇ دەپ توختام قىلىشقان. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋاڭى قۇمۇلنىڭ بارلىق دورغا ئاقساقاللىرىغا يارلىق چۈشۈرۈپ، پۈتۈن قۇمۇل خەلقى قىزىمىنىڭ تويىنى خوشال - خورام ئۆتكۈزۈشكە قاتناشسۇن دېگەن. نەتىجىدە چارۋىچىلار بىر جۈپ ئات، 30 دىن قوي، ئات - كالىسى يوقلار، 50 دىن 15 گىچە قوي، شەھەر خەلقى بىر كىيىملىكتىن ھەر خىل رەخت، باغۋەنلەر، قوغۇنچىلار ھەر خىل مېۋە - چېۋىدىن، قۇرۇتۇلغان تاغارلاپ قاق، توخۇ، توشقان، ئۆردەك، توخۇمغىچە سوۋغا قىلغان. ھەر كۈنى يۈزلەپ قوي، ئونلاپ كالا، ئات، تۆگە سويۇلۇپ قازان قازانلاردا گۆش پۇشۇرۇلۇپ، تاۋاق - تاۋاقلاردا ئاش تارتىلغان. 41 — كۈنى

كېچىسى قىز كۆچۈرۈلگەن. شۇنىڭغىچە قۇمۇل شەھەر ئىچىنىڭ بىر قانچە يېرىگە ناغراخانا تىكىلىپ ناغرا، كاناي، سۇناي ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇرغان. سورۇن - سورۇنلاردا مەشرەپ قىزىپ تۇرغان. بۇ 40 كېچە - كۈندۈز، لۈكچۈن ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ھەر كۈنى 9 قېتىم شاماخسۇت ۋاڭغا تەزىمگە كېلىپ تۇرغان.

## خان فۇجۇڭ خېنىمنىڭ كۆچۈرۈلۈشى

شاماخسۇت ۋاڭنىڭ چوڭ قىزى خان فۇچۇڭ خېنىمنى لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجىغا توي قىلغاندا 40 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، 41 — كېچىسى ئاۋۋال قۇمۇل ۋاڭنىڭ كونا ئوردىسى شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۆۋەن ئوردىغا كۆچۈرىدۇ. (لۈكچۈن ۋاڭلىقى توي قىلغىچە تۆۋەن ئوردىنى ماكان تۇتقان ئىدى).

قىزنى سېرىق ئەۋدىھا گۈللۈك تاۋار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن قۇببىلىرى يالتىراپ، ياقۇت كۆزلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان، يىپەك پۆپۈك ئارىسىدىكى ئالتۇن قوڭغۇراقلار جىرىڭلاپ تۇرغان تەختىراۋانغا سېلىپ، 8 ئايال كۆتەرگەن. تەختىراۋاننىڭ ئالدىدا 9 ئاخۇن قۇرئان تۇتۇپ، 9 قارى قۇرغان ئوقۇپ، 40 ئىشان ھاپىزلىرى بىلەن مۇناجات ئېيتىپ ماڭغان. قىز ئوردىدىن چىققان ھامان خانلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن 9 قېتىم، ۋاڭلىقنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن 9 قېتىم، قىز - يىگىتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن 9 قېتىم توپ ئېتىلغان. ئوردا ئەھلى شاماخسۇت باشچىلىقىدا نەچچە قېتىم قىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلغان. قىزنىڭ ئەتراپىدا موناجات ئېيتقۇچىلار «ئاسماندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇش سۇرەتلىك پەرىشتىلەر چۈشتى. ئەرشنىڭ ئىشكىلىرىنى ئاچتى. ھەزرەتلىك فۇجىبىگ خېنىمغا ئەرش ئەلادا تەخت راسلىدى. خۇدايىم 9 ئوغۇل بىر قىز ئاتا قىلسۇن 9 ئوغۇل 9 ئەۋلادىغىچە يۇرت سورىسۇن» دېيىشكەن. يەنە تەختىراۋان ئەتراپىدا 4 ئوغۇل 5 قىزنىڭ پىشانىسىگە «پاشا خېنىمنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بۇ قۇل ئازات قىلىندى» دېگەن خەت چېكىلگە ھالدا تەختىراۋاننى ئايلانغان. ئوردىنىڭ باش كاتىپى بىر تىزىملىك قەغەزنى كۆتىرىپ «ئۇلۇق پاشا قىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن خۇدا ھەققىدە 100 سەر ئالتۇن، مىڭ سەر كۈمۈش، 300 تۆگە، 100 ئات، 100 كالا، مىڭ قوي سەدىقە بېرىلدى؛ 100 تاغار بۇغداي، 100 تاغار گۈرۈچ، 100 تاغار قوناق، 100 تاغار تېرىق سەدىقە بېرىلدى» دەپ ئۈنلۈك ئوقۇپ ماڭغان. قىز كۆچۈرۈلۈپ يەتكىچە 9 يەرگە ئارچا دەرىخىدىن ئىسرىق يېقىپ، ئۈستىگە ئەتىر چېچىپ، ھەر بىر ئوت يېنىدا 3 تۆگە، 3 كالا، 3 ئات، 90 قوي بوغۇزلانغان.

## قۇمۇل تويلىرىدىكى قىزنىڭ ئالدىنى توساشنىڭ كېلىپ چىقىشى

شاماخسوت ۋاڭنىڭ قىزى خان پوچولڭ خېنىم لۈكچۈن ۋاڭغا ياتلىق قىلىنغاندا قۇمۇل كونا شەھەر ئىچى كونا ئوردىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن لۈكچۈنگە كۆچۈرۈلۈپ ماڭىدۇ. مەيلەر كاتتا ياسالغان. تۆت ئات قوشۇلغان ئادەتتىكى ھارۋۇلارنىڭ ئىچى ئادەم ۋە مال - مۈلۈك بىلەن جىق

توشقوزۇلغان. قىز كۆچۈرگۈچىلەر ئۇزۇن سەپ بولۇپ يولغا چىققاندا قۇمۇل شەھەر ئىچىنىڭ ياشلىرى، كىچىك ۋاقتىدا خان فۇجۇڭ خېنىم بىلەن بىللە ئويىنىغان بەگ باللىرىنىڭ ئەگەشتۈرىشى بىلەن ئوردا قوۋۇقىنىڭ كەينىدە بولغا ئۇزۇن ئاغامچىنى تۇتۇپ تۇرۇۋالىدۇ. لوكچۈن ۋاڭ بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سورىغاندا ياشلار «خان فۇجۇڭ خېنىمدىن ئايرىلغىمىز كەلمەيۋاتىدۇ» دېيىشكەن. لوكچۈن ۋاڭ قىزنىڭ ئالدىنى توسىغۇچىلارغا 9 غىرىچلىق ئەركەكتىن 9 نى، 9 تۆگە، 9 ئات، 9 تاغار بوغداي، 9 كوزا هاراق ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى ئېتىپ خان فۇجۇڭ خېنىمغا رازىلىق بېرىپ، ئاق يول تىلەشنى تەلەپ قىلغان.

بۇ خەۋەر شۇ چاغدا شاماخسۇت ۋاڭغىمۇ يەتكەن. شاماخسۇت ۋاڭ بۇ ئىشتىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالغان. ھەم «يولنى ئېچىۋەتسۇن مەن قىزىمغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھەر بىر ئەزىمەتنى ئايرىم - ئايرىم رازى قىلىمەن. ئۇلارغا رەخمەت» دېگەن. ھەم قىزنىڭ ئالدىنى توسىغۇچىلارغا ئاشلىق، يەر - زېمىن بەرگەن. شۇنىڭدىن بېرى قۇمۇلدا توي بولۇپ قىز كۆچۈرگەندە قىزنىڭ ئالدىنى شۇ مەھەللىنىڭ بىر توپ ياشلىرى ئاغامچا تۇتۇپ توسۇش ئادەت بولۇپ قالغان.

## تۆمۈر چارۋا

شاماخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە ئوردىنىڭ 40 تۈمەن تۇياق قوي - ئۆچكىسى، 15 مىڭ ئات، 20 مىڭ كالا، سودىگەرچىلىك ئۈچۈن ئايرىلغان 6 مىڭ تۆگىسى، يايلاقتا بېقىلىۋاتقان. 2 مىڭ تۆگىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بار ئىدى. بۇ چارۋىلار قۇمۇلدىكى 12 تاغنىڭ 14 ئورنىدا مەخسۇس قۇتان، يىلقا، پادا بولۇپ كەڭ يايلاقلاردا بېقىلاتتى. يىلدا بىر قېتىم ئوردىنىڭ چارۋىغا مەسئۇل مەخسۇس تەيجىسى تۆمۈر، چارۋا سانىقىنى ئېلىپ باراتتى. ئوردىنىڭ قانۇنىدا «ئوردىنىڭ چارۋىلىرى ئۆلمەيدۇ. يوتمەيدۇ. بۆرە يېمەيدۇ. قوي يىلدا بىرنى، ئۆچكە يىلدا ئىككىنى، كالا ۋە باشقىلار بىر يىلدا بىردىن كۆپىيىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ساناق شۇ بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. ساناق 5 — ئايدىن باشلىنىپ بىر نەچچە ئايلارغىچە داۋاملىشاتتى. ساناقچىلار، ئاساسەن 40 كىشىدىن تەركىپ تاپاتتى.

## شاماخسۇت ۋاڭنىڭ خان ئالدىغا سالامغا بېرىشتىكى تەييارلىقلىرى

1915 — يىلى ۋاڭ بېيجىڭگە بېرىشتىن بۇرۇن خەلققە يارلىق چۈشۈرۈپ، «سىر ئانا» سېلىقى سالاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقتىن 6 مىڭ ئاناقوينى يىغىپ 10 قوراغا بۆلۈپ، «تۆمۈر چارۋا» دەپ ئات قويۇپ 10 نەپەر چارۋىچىغا تاپشۇراتتى. (بۇ خانغا ئۆزۈلمەي سوۋغا قىلىنىدىغان بايلىقنىڭ ئاساسي ئىدى) بۇنى ۋاڭ خان ئالدىغا بارغاندا «قۇمۇلدىكى قۇللارنىڭ سوۋغىسىنى مانچە قورا مالغا يەتتى» دەپ دوكلات قىلاتتى. ۋاڭنىڭ بېيجىڭگە بىر قېتىم ئېلىپ بارغان سوۋغىسىنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

40 جۈپ باركۆلنىڭ يورغا ئېتى ھەممىسى ئوخشاش قىزىل

تورۇق، ھەممىسىنىڭ بويىنىغا 2 مېتىردىن قىزىل تاۋار باغلانغان. 80دانە خوتەن گىلىمى، 80 دانە ئەرەبىستاننىڭ يىپەك گىلىمى، 10 ھارۋىدا قوغۇن قېقى، ئۈزۈم قۇرىقى، چىلان، جىگدە، ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى، ئالما قېقى، جۇجەم قۇرىقى؛ بۇغا مۈڭگۈزى، بورقاق مۈڭگۈزى، مىڭ دانە بۆلۈ تېشى، مىڭ دانە تاسما قامچا، مىڭ دانە چىغ ئاغامچا قاتارلىقلار.

ۋاڭ بىلەن بىللە بېيجىڭگە بېرىشقا 100 ئادەم بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭ 40 نەپىرى چىمبىلىك (ساقچى) قالغىنى ۋەزىر، ئاخۇن، موللا، تىلماچ، بەگلەر، بوغالتىر، تىۋىپ، ئاشپەز، پوشتىچى، ماپىچى، ھارۋىكەش، ئات باقالاردىن ئىبارەت.

بېيجىڭگە مېڭىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن قۇمۇل شەھەر ئىچى، بەش شار (شەھەر)، 12 تاغنىڭ قېزى، دۇرغىلىرى ۋاڭنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن خەلق تەييارلىغان سەدىقىلارنى (9 نان، بىر كىيىملىك رەخت) قولىلىرىغا تۇتقۇزۇپ ئوردىنىڭ ئالدى كەينىدە سەپ بولۇپ تۇرۇشۇپ. «گاڭ غوجامنىڭ ئالتۇن بويىمى ئىسەن قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن خۇدا يولىدا بېشىدىن ئۆرەيلى» دېيىشىدۇ (بەش شار، 12 تاغدىن 6 — 5 دىن ۋەكىللىككە ئادەم كېلىپ قاتنىشىدۇ) ۋاڭ بونى ئىگىز ئوردىسىنىڭ پەنجىرىلىرىدىن كۆرۈپ، رازى بولغان ھالدا «قايتسۇن» دېگەن يارلىقنى چۈشۈرىدۇ.

ۋاڭ بېيجىڭگە مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن شەھەر ئىچىنىڭ بىر قانچە يېرىگە تىكىلگەن ناغرا خانىلاردىن ناغرا، كانەي، سۇنەي ئاۋازى ياڭراپ كېتىدۇ. ئوردىنىڭ ئىچى، تېشى كاتتازىننەتلىنىدۇ. پۈتۈن شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى خەلقلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



كاتتا كېيىنىپ خوشاللىققا چۆمۈدۇ. ناغراخانا ئەتراپىدا سورۇن تۈزۈلۈپ ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ.

## قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ بېيجىڭغا سەپەرگە چىقىش كۈنى

ئوردا ئالدىدا كانەيچىلەر، سۇنەيچىلەر، دۇمباقچىلار رەت بويىچە ئايرىم - ئايرىم هالدا يول بويلاپ سەپكە تۇرغان. ناغراخانا ئالدىغا 9 يولتۇزلۇق 2 دانە يېشىل بايراق قادالغان. ناغرىغا تەڭكەش قىلىنىغان كاناي - سونەي، دومباقلار نۆۋەت بىلەن ياڭراپ، ئوردىدىن سوزۇلغان يول بويىنى بويلاپ، پۈتۈن شەهەرنى بىر ئالغان. ئەتىكەندىلا قۇمۇلنىڭ كونا شەهىرىدە تۇرۇشلۇق دوتەي، جىڭتەي، شەتەي، لوزۇڭ ئەسكەرلىرى بىلەن هەيۋەتلىك قەدەم تاشلاپ يېتىپ كىرىدۇ هەم ئوردا ئىچىدە ئىككى سەپ بولۇپ ۋاڭنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان پوئاتقۇچىلار خانىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن 3 قېتىم، هەر قېتىمدا 9 دىن پو ئاتىدۇ. شەهەرنى بىر پەس جىم جىتلىق قاپلىغاندىن كېيىن ۋاڭ ۋە بازاردىن كىرگەن ئەمەلدارلارنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن يەنە 3 قېتىم، 3 دىن پو ئاتىدۇ. بۇ مېڭىش سىگنالى بولۇپ ئالدى بىلەن خانلىق ئەسكەرلىرى ۋاڭنى ئۈزۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن سەپ تارتىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يوغان سەللە ئورىغان، قېنىق يېشىل دوخاۋىدا پەرىجە كېيگەن، بويىنىغا قۇرئان ئاسقان ئاخۇنۇم ئاتلىق ماڭىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تىلماچ (تۇڭچى بېگىم) ماڭىدۇ. ئاندىن كېيىن 40 نەپەر،

چېرىك پىيادە ماڭىدۇ. چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن بىر ئاز ئارىلىق قالدۇرۇپ ناھايىتى يوغان سېرىق كۈنلۈك كۆتەرگەن بىر كىشى ماڭىدۇ، كۈنلۈكنىڭ چۆرىسىدە بىر تۈمەن كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلىق بوقۇشلىرى بار، بۇنى خەنزۇچە، ۋىن مىڭسى دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ كەينىدىن ساقچىلار باشلىقى، بىر تەيجى كاتلىق ھەژدىھا، سۈرەتلىك قېلىچلىرىنى ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن ماڭىدۇ. بۇلارنىڭ كەينىدىن، ئاندىن ۋاڭ 8 كىشى كۆتۈرگەن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ماڭىدۇ. تەختىراۋاننىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ رەڭگى سېرىق 9 ئەژدىھانىڭ رەسمى كەشتىلەنگەن. تەختىراۋاننىڭ تۆپىسىدە ئادەم بېشىدەك چوڭلۇقتا قۇببا ئورنۇتۇلغان. چۆرىسىگە قىزىل پوچوك تۇتۇلغان. تەختىراۋاننىڭ كەينىدىن ئات مىنگەن بەگلەر ئاندىن ئاخۇنلار، يايىلار، چېرىكلەر، ئاتلىق ھارۋۇلۇق سوۋغىلار، مېڭىشىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلار، يول بويلاپ سەپكە تۇرۇپ ۋاڭ كېلىشى بىلەن تىزلىنىپ ۋاڭغا تەزىم قىلىدۇ. بازارغا يېتىپ چىققاندا بازار خەلقى دوكاندارلار، بەگلەر، ھەممىسى بازار كوچىلىرىنى كاتتا بىزەپ، كوچىلارغا جوزا قويۇپ تۇرلۇك - تۈمەن يىمەكلىك، نازۇ - نېمەتلەر بىلەن قارشى ئالىدۇ. قۇمۇلنىڭ مەنزىلى، مەنزىلدە چېدىر تىكىپ، چايزەن قۇرۇپ، كۆخە يېقىپ، ئەتىرلار چېچىپ، ئېسىل تاماقلارنى قىلىپ ئۇزۇتۇپ قويۇشىدۇ.

ئۇزاتقۇچىلار شىڭشاغىچە ۋاڭنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ كەينىگە قايتىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىن بېيجىڭگە بارغىچە خانلىقنىڭ يارلىقى بولغاچقا مەنزىل - مەنزىل، شەھەر، شەھەردە ۋاڭنى ئۆز يوسۇن - قائىدىسى بويىچە كۈتۈۋالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ مەنسەپ دەرىجىلىرى

ۋاڭ — قۇمۇلنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى خانلىق بەلگىلىگەن يەرلىك پادىشاھ.

فۇجۇڭ — ۋاڭنىڭ ئايالى، خانلىقتىن بېرىلگەن ئالى دەرىجىلىك مەنسەپ.

بەيزى، گۇڭ — ۋاڭنىڭ ئىنىلىرى، ئوغۇللىرى، ۋاڭنىڭ ئورۇن باسارلىقىغا تەيىنلەنگەنلەر.

### 1 - دەرىجىلىك ئەمەللەر؛

1 — تەيجى — چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى — يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا قول سېلىپ ئىشلىگۈچىلەر، ۋاڭنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى.

چوڭ تەيجى — دىنى سوتقا مەسئۇل. كىچىك تەيجى - ئوردىنىڭ پۈتۈن كىرىم - چىقىملىرىغا مەسئۇل.

2 — خەنزۇكاتىپ — دۆلەتلىك ئالاقە ئىشلىرىنىڭ كاتىپلىقىنى قىلىدۇ.

3 — ئەلەم — دىنىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى.

4 — مەلۇمچى — ۋاڭنىڭ مەخسۇس ئىچكى - تاشقى خەۋەرچىسى.

5 — قازى — دىنىي شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقارغۇچى.

6 — ئىشىك ئاغىسى — ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يۆتكەش، ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغۇچى.

7 — توڭچى (تىلماچ) — تەرجىمان.

### 2 — دەرىجىلىك ئەمەللەر:

1 . مۇپتى — دىنى پەتىۋا چىقارغۇچى.
2 . مىرغەزەپ — گۇناھقا تارتىلغانلارغا جازا بەرگۈچى.
3 . كاتىپ ـ كاتىپلار — ۋاڭنىڭ خەت ئالاقە، كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى، يەر ـ زېمىن مۈلۈكلەرنى تىزىملاش، ھېساۋات ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار.
4 . ئۈچ بىگى ـ باجگىرلارنىڭ باشلىقى.
5 . چەپبېگى — ۋاڭلار سىرتقا چىققاندا ئوڭ ـ سولدا يورۇپ ۋاڭنى قوغدىغۇچىلارنىڭ باشلىقى.
6 . كا ـ ۋاڭنىڭ كانۋايلىرىنىڭ باشلىقى.
7 . غەزىنىچى — ۋاڭنىڭ غەزىنىسىنى ـ ئالتۇن، كۈمۈش، دۇنيالىرىنى باشقۇرغۇچى.
8 . بازار بېگى — بازار باشقۇرۇشقا، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىگە مەسئۇل.
9 . دورغا — يېزا باشلىقى.
10 . بەششاپ — كېچىلىك ساقچىلارغا مەسئۇل كىشى.
11 . مىراپ — ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل.
12 . توغ بېگى — بايراقچىلار باشلىقى.

### 3 ـ دەرىجىلىك ئەمەللەر:

1 — مەتەر ـ ۋاڭنىڭ تۆگە كارۋانلىرىنى باشقۇرغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2 — پىيادە قىزى ـ يول باشلىغۇچى.
3 — مۇتۇسۇپ ـ دىنى ئىشلارنى تەپتىش قىلغۇچى.
4 — بۆكۇل ـ ۋاڭنىڭ داستىخىنىنى سالغۇچى.
5 — خوپچەچى ـ ۋاڭنىڭ داستىخىنىنى يىققۇچى.
6 — پىيادە پەششاپ ـ ئامانلىق ساقلىغۇچى.
7 — مىراقول ـ ۋاڭنىڭ ئات باققۇچىسى.

## تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەللەر:

1 — نەقىب — ئوردىدىكى يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلغۇچى.
2 — توغۇچى — قەلەم تۇتقۇچى.
3 خەتىپ — نىكاھ ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى.
4 — قورمال ـ ۋاڭنىڭ مال ـ چارۋىلىرىغا مەسئۇل كىشى.
5 — قۇش بېگى ـ ۋاڭنىڭ ئوۋ قۇشلىرىنى باشقۇرغۇچى.
6 — قوۋۇق بېگى — ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى.
7 — بۆرەبېگى ـ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقۇتۇشقا مەسئۇل كىشى.
8 — كىچىك تۇتچى ـ ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلاردىكى تەرجىمان.
9 — سىدىر ـ ئوردىنىڭ يەر ئىجارىسىنى يىققۇچىلار.
10 — كاتىۋال ـ ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلغۇچى.
11 — بوشقى ـ ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك

ئىشلارنى قىلغۇچى.

12 — يوسۇل ـ ۋاڭ ئالۋىڭغا ھەيدىگۈچى.

قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە تەيجى بولۇپ ئۆتكەنلەر:

ئەمەت تەيجى، سۇلايمان تەيجى، ئابدۇلبەيزى تەيجى، بەمەن تەيجى، مۇھەممەت نەزەر تەيجى، پەتەنوش تەيجى، مۇنۇر تەيجى، نۇشىرۋا تەيجى، تاجىدىن تەيجى، ئۇۋەيس تەيجى، ئەبەيدۇللا تەيجى، نەمىتۇللا تەيجى، ھاشىرتەيجى، يۇسۇپ تەيجى، يۇنۇس تەيجى.

قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ئەلەم بولۇپ ئۆتكەنلەر:

خۇدا بەردى ئەلەم، ئىمىن ئەلەم، ناسىر ئەلەم، يار مۇھەممەت ئەلەم، سەئىدى ھاجى ئەلەم، يۇنۇس ئەلەم، خوجابدۇللا ئەلەم، غىياسىدىن ئەلەم.

قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە قازى بولۇپ ئۆتكەنلەر:

جاپپار قازى، كىچىك قازى، تۆمۈر قازى، شەروللا قازى، خاكىرقازى، سۇلايمان قازى، يولۋاس قازى، شېرىپ قازى، سەئىد قازى.

شىڭ شىسەي دەۋرىدە قازى بولغانلار:

ئوشۇر قازى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



گومىنداڭ دەۋرىدە قازى بولغانلار:

نامان قازى، ئابلىمىت قازى.

## قۇمۇل ۋاڭنىڭ غەزىنىلىرى

ۋاڭنىڭ تەختىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئالتۇن غەزىنىسى بار بولۇپ، يەر ئاستى ۋە ئۈستى بولۇپ ئىككى قەۋەت ئىدى. ئۇنىڭدا سېرىق ئالتۇن، قۇم ئالتۇن، ئالتاي قىـــزىل ئالتۇنـــى، گۇاڭدوڭنىڭ چوكا ئالتۇنى، (ھەر بىرسى 12 سەر كېلىدۇ) ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەيزۈك ۋە ھەر خىل زىبۇ - زىننەت بويۇملىرى بار ئىدى.

ۋاڭ تەختىنىڭ غەربىي تەرىپىدە كۈمۈش غەزىنىسى بولۇپ بۇنىڭدا جاھازلار ئورنۇتۇلغان بولۇپ كۈمۈش، يامبۇ، نومۇر بېسىلغان خىش كۈمۈش، كۈمۈش پۇللار بار ئىدى.

كۈمۈش غەزىنىسىنىڭ يېنىدا يانا بىر تار غەزىنە بار بولۇپ بۇنىڭدا فار پور كۈپلاردا گۆھەر، ياقۇت، بىرلىيارت، قاشتېشى، لەھلى - جاۋاھىرلار بار ئىدى.

## قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئاشلىق ئامبىرى

ۋاڭنىڭ ئوردىدا چوڭ - كىچىك ئىككى ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ، چوڭى 33 ئېغىز، كىچىكى 13 ئېغىز ئىدى. چوڭ ئامبار مەخسۇس ئوردا ئۈچۈن ئىشلىنەتتى. ئۇنىڭ 29 ئېغىزىدا بۇغداي

ساقلىناتتى. تۆت ئېغىزىدا پۇرچاق، قارا پۇرچاق، قوناق، زاراڭزا، كەندىر، زىغىر قاتارلىقلار ساقلىناتتى. بۇ ئىككى ئامباردا ھەر يىلى 18 مىڭ دادەن ئاشلىق ساقلىناتتى.

## ئوردا كۇتۇپخانىسى

1698 — يىللاردىن باشلاپلا ۋاڭ ئوردىسىدا نۇرغۇنلىغان كىتابلار ساقلانغان ئىدى. قۇمۇلنىڭ دەسلەپكى ۋاڭى ئەبەيدۇللا تارخان بەگ ئۆزى مەرىپەتپەرۋەر تىۋىپ كىشى بولغاچقا ئىلىم-بىلىم ۋە كىتابقا ئىنتىزار بەرگەن. مەھەممەت بىشىر ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە قۇمۇل ۋاڭلىقى راسا گۈللەندى. ئوردىدا مەخسۇس كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇپ كىتابلارنىڭ سانى نەچچەمىڭ پارچىگە يەتكەن. تارىخى مەنبەلەردىن قارىغاندا ئوردا كۇتۇپخانىسىدا كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر، رىيازىيەت ئىلمىي، تارىخ ئىلمى، مۇزىكار ئىلمىگە دائىر كىتابلار؛ ئەخلاق، دىن، پەلسەپە، تىلغە دائىر كىتابلار؛ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، مانجۇچە نۇرغۇن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، مەكتۇپ، ھەر خىل ئالاقىلار ساقلانغان. بولۇپمۇ كۇتۇپخانىدا، ئەرەپچە، پارسچە، خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە، تۇرۇكچە تىللاردىكى ھەر خىل كىتابلار بار ئىدى. يەنە تارىخىي ئەسەرلەردىن جۇڭگو تارىخىي قارا خىتاي تارىخىي، جۇڭگو ئەرەپ مۇناسىۋىتى تارىخى، جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىي، ئۇيغۇرلار تارىخىي، قۇمۇل ۋاڭلىرى شەجەرىسى، جۇڭگو خەرىتىسى قاتارلىق قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلانغان. 1931 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قۇمۇلدىكى جىنشۇرىننىڭ ئەسكەرلىرى ئوردىدىكى ئالتۇننى بولىغىلى كېلىپ، ئوردىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئوت قويغان. شۇ چاغدا كۇتۇپخانىمۇ كۆيۈپ كەتكەن. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغالغانلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

## قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ قاتناش قۇراللىرى

ۋاڭنىڭ 17 مەپىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مەپىنىڭ تۈزۈلىشى ئالاھىدە ئىدى. ئۇنىڭغا 12 پارچە ئەينەك سېلىنغان. ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلىرى پۈرژۈنلۇق بولۇپ ناھايىتى يۇمشاق، بۇنى ۋاڭ ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن ئاددىراق ياسالغان تۆت مەپىنى ۋاڭنىڭ ئاياللىرى، شاھزادە ۋە نەۋرىلىرى ئىشلىتەتتى. قالغانلىرىنى ۋاڭنىڭ كېلىنلىرى ۋە باشقىلار ئىشلىتەتتى.

## قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى

قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ قومۇل شەھەر ئىچىدە، ئارتام، باغداشلاردا كاتتا ئوردىلىرى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، سەئودى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدىمۇ ئۆي - سارايلىرى بار ئىدى. قومۇل شەھەر ئىچىدىكى ئوردىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇنداق: جەمئىي 800 ئېغىز ئۆي بار بولۇپ، بۇ ئوردا يەردىن 3 مېتر ئەتراپىدا كۆتىرىلىپ سېلىنغان. شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى «ئوردا قوۋۇق» دىن كىرىپ شەرققە بۇرۇلسا 9 ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ راۋىقىغا يېتىدۇ.

سەككىز پەلەمپەي سوپىغا چىقسا ئۈستى ئوچۇق چوڭ زالغا كىرىدۇ. زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتە ئېغىز ئۆي بولۇپ،

ئۇنىڭدا ئوردا نەۋكەرلىرى تۇراتتى. زالدىن ئۆتسە ئۈچ قاتار، ئۇستى يوپۇق 40 تاش پەلەمپەي بار ئىدى. ئوتتۇرىدىكى كەڭرەك كەلگەن تاش پەلەمپەيدە ۋاڭ ماڭاتتى. ئىككى تەرەپتىكى تارىراق كەلگەن ياغاچ پەلەمپەيدە ئوردا ئەمەلدارلىرى ماڭاتتى. پەلەمپەيدىن چىقسىلا «قاراڭغۇ دالاڭ» غا كىرەتتى. بۇ يەردە ۋاڭنىڭ نەۋكەرلىرى تۇراتتى. «قاراڭغۇ دالاڭ» دىن چىقسا، كۈننىڭ شەرقتىن ئۆرلىشى «يولۋاسنىڭ داۋانغا سەكرىشى» ناملىق رەسىملەر سىزىقلىق بىر توسما تام بار ئىدى. توسما تامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە گۈللۈك سەككىز تاش پەلەمپەي بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن زەمبىرەك شىپىڭىغا باراتتى. ئۇ يەردە شەھەر ئىچىگە قارىتىپ قويۇلغان يەرلىك زەمبىرەك تۇراتتى.

زەمبىرەك شىپاڭىدىن چۈشۈپ ئۇزۇن بىر كارىدوردىن ئۆتسە ۋاڭنىڭ تەختى ئورۇنلاشقان جايغا باراتتى. بۇ پەشتاقتىن ۋاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگىلى بولاتتى. شەرقىي تەرىپىدىكى ئىشىك ئارقىلىق ۋاڭنىڭ ئالتۇن خەزىنىسىگە باراتتى. چوڭ زالدىن ۋاڭنىڭ تەختىگە بولغان ئارىلىقتا 300 ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاڭ تەختىنىڭ يېنىدا ۋاڭنىڭ خاس مەسچىتى، چوڭ زالنىڭ يېنىدا ئوردا ئەمەلدارلىرى ناماز ئۆتەيدىغان يانا بىر مەسچىت بار ئىدى.

ۋاڭنىڭ يەنە ئۈرۈمچى ئەنلياڭدا جەمئىي 8 قورا، 55 ئېغىز ئۆيى بار ئىدى.

بېيجىڭدىكى «قۇمۇل سارىيى» 1879 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئورنى بېيجىڭ شۆنۇۋمىڭ ئىچىدىكى تەيپىڭخۇ شىخۇما كوچىسىدا ئىدى. بۇ ساراي 10 مو يەرنى ئىگىلەيتتى. بۇ ئۆيلەر خىشتىن ياسالغان بولۇپ جۇڭگونىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇش تۇسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالغان. بۇ ساراي ئالدى - كەينى ئىككى هويلىغا ئايرىلىپ تۇراتتى. ئالدىنقى هويلىدىكى ئۆيلەر ئىشخانىلار بولۇپ شىمال تەرەپتە ئالتە ئېغىز، شەرقتە تۆت ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ئارقا هويلىدا ئىككى كورپۇس ئۆي بولۇپ، ياتاق قىلىناتتى. هەر بىر كورپۇس ئۈچ ئېغىز ئۆيدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، شەرق - غەرب بولۇپ بىر بىرىگە قارمۇ - قارشى تۇراتتى.

قۇمۇل ۋاڭنىڭ يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەككە شەهىرىنىڭ هۆسيۇن بازىرىدا بىر قانچە ئېغىز ئۆيى بولۇپ هەج تاۋاپ قىلىشقا شۇ جايغا بارغان هاجىلار تۇراتتى.

## قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى تۈگمەنلەر

قۇمۇل ۋاڭنىڭ جەمئىي 18 تۈگمىنى بار ئىدى. بۇلار تاشكۆل تۈگمەن، ياغور چاق تۈگمەن، قوش تۈگمەن، بورو تۈگمەن، تاللىق تۈگمەن، شامالچار باغدىكى قوش تۈگمەن، شۇمشۇق قوش تۈگمەن، توغۇچىنىڭ سۇ بېشىدىكى شامال تۈگمەن، قارادۇۋىدىكى سۇتۈگمەن، (بۇ سۇ تۈگمەن بەش بولۇپ پۈتۈنلەي قوش تۈگمەن ئىدى) بۇلاردىن باشقا ۋاڭ ئوردىسىدا بىر دانە ئات بىلەن ماڭدىغان قۇرۇق تۈگمەن بار ئىدى.

## قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى كارىزلار

قۇمۇل ۋاڭنىڭ 25 كارىزى بولۇپ، قۇمۇلدا ئون يەتتىسى، تۇرپاندا سەككىزى بار ئىدى، قۇمۇلدىكى 17 كارىزنىڭ ئون بەشى ئاستانىدا، بىرى جىگدىدە، يانا بىرى لياۋدۇڭدا ئىدى.

## قۇمۇل ۋالىقى دەۋرىدىكى باغلار

قۇمۇل ۋاڭنىڭ چوڭ ـ كىچىك 16 باغچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 51 باغچا قۇمۇلدا، بىرسى تۇرپاندا ئىدى. تۇرپاندىكى باغچا 60 مودەك يەرنى ئىگىلىگەن.

1. يېڭى ئاۋات باغ ـ شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە 30 مو يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ ياڭاق، ئۆرۈك، شاپتۇل، قىزىل ئالما، ئاق ئالما، يېشىل ئالما، قوم ئالما، چىلان، جىگدە بار ئىدى. باغچا ناھايىتى گۈزەل، ياسالغان بولۇپ، ۋاڭ ئۇۋغا چىققاندا ھاردۇق ئالىدىغان جاي ئىدى. باغ دەرۋازىسىنىڭ 20 مېتىرچە يىراقلىقتىكى دالىدا تامدا، «كۆنىنىڭ شەرقتىن ئۆرلىشى»، «قوش يولۋاسنىڭ تاققا چىقىشى» ناملىق ئىككى ماي بوياق رەسىم بار ئىدى، باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر شىپاڭ سېلىنغان بولۇپ، شىپاڭنىڭ تۈۋرۈكلىرى ۋە رىشاتكىلىرىغا ئەجدىھا ۋە سۇمرۇقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغانىدى.

2. نەشپۈتلۈك باغ ـ ئوردا قوقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئىككى مودەك يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ نەشپۈت، ئۆرۈك، قوم ئالمىلار بار ئىدى. باغۋەن ھەر يىلى نەشپۈت پىشقاندا ۋاڭغا كۈندە بىر سېۋەت نەشپۈت كىرگۈزەتتى.

3. ئانارلىق باغ ـ بۇ باغ قۇمۇلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى قارسۇ دېگەن جايدا بولۇپ 2 مو يەرنى ئىگىلىگەن. بۇ باغدا ئانار، جىنەستە، ئۆرۈك بار ئىدى.

4. چاڭغۇ باغ ـ بۇ باغ راھەتباغ بىلەن چاڭغۇ ئىككى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، 55 مو يەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىگىلىگەن. بۇنىڭدا ئالما، ھەر خىل چىلان ۋە جىگدە بار ئىدى.

5. يېڭى قوشمان باغ - بۇ باغ قارىتال بىلەن بوغازنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، خىلمۇ خىل ئۆرۈكلىرى بار ئىدى.

6. ئاستانە باغ - بۇ باغ ئاستانىدە بولۇپ 60 مو يەرنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدا قىزىل ئالما، ئاق ئالما، كۆك ئالما، جىنەستە، ياڭاق، چىلان، جىگدە بار ئىدى.

7. تالлиق كارىز باغ - بۇ باغ تاللىقتا بولۇپ 3 مو يەرنى ئىگىلىگەن.

8. جىگدە باغ - بۇ باغ جىگدىدە بولۇپ ئۈزۈم ۋە جىگدە بار ئىدى.

9. ئايتام باغ - كۆلىمى بىر مو. ھوسۇلى مول. ھەر خىل مېۋىلەر بار ئىدى.

10. توققۇز بۇلاق باغ - بۇ باغ توغۇچىدا بولۇپ كۆلىمى 3 مو كېلەتتى. ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتول، ئالما قاتارلىقلار بار ئىدى.

11. قاراياغاچلىق باغ - 3 مو يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئالما، ياڭاق، چىلان، ئۈزۈم ۋە ئۆرۈك بار ئىدى.

12. توغراق خوجام باغچىسى - 3 مو يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۈزۈم خىل ئىدى.

13. ئەللىك مازار باغ - بۇ باغدا پەقەت ئۈزۈم ئۆستۈرۈلۈپ ئودىنى تەمىنلەيتتى.

14. ئۈزۈملۈك باغ — بۇ باغدا پەقەت ئۈزۈمنىڭ ھەر خىللىرى ئۆستۈرۈلەتتى. ئۈششاق — كىشمىش ئۈزۈم، قىزىل سايىۋا ئۈزۈم، ئۈزۈن سايىۋا ۋە باشقىلار. ئۈزۈم پىشقاندا ئوردىغا سېۋەت - سېۋەت ئۈزۈملەر كىرگۈزۈلۈپ تۇراتتى.

يۇقۇرقى باغلاردىن باشقا ئارىتام بېغى، باغداش بېغى ۋە يەنە ئۇلاردىن باشقا ئاستانە، تاللىق، جىگدە، ئايتام، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە، ئەللىك مازارلاردا ۋاخنىڭ مەخسۇس باغلىرى بار ئىدى. بۇ باغلاردىن ھەر خىل مېۋىلەر قۇرۇتۇلۇپ ئوردىغا توشۇلاتتى.

15. تۆگەتاش باغچا— قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىدە خوجىلار ئەۋلادىغا تەئەللۇق بولغان تۆگەتاش باغچا دەيدىغان بىر باغ بار، بۇ باغدا ئالمىنىڭ ھەر خىللىرى - قىزىل ئالما، لوڭقا ئالما، تاش ئالما، ئاق ئالما، ئارپا ئالما قاتارلىق ئالمىلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا جىنەستىنىڭ بىر قانچە تۈرلىرى بار بولۇپ، باققا كىرسىڭىز قىزىل گۈل پۇرىقى چاڭقىپ تۇرىدۇ. باغنىڭ ئەتراپىدا ھەم ئىچىدە قىزىل گۈل ئۆستۈرۈلگەن. باغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تاشقا ئايلانغان بىر دانە تۆگە بار. بۇ تۆگە چۆكتۈرۈلگەن شەكىلدە، بېشى، بوينى، لوكىلىرى ۋە قۇيرۇقلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ تۆگە تاش باغ ھەم باغ ئىچىدىكى تاشقا ئايلانغان تۆگە ھازىرمۇ بار.

16. راھەتباغ- چاڭغۇ بىلەن راھەتباغ مەھەللىسىنىڭ — ئوتتۇرىسىدا 55 مو يەرگە ئىگىلىگەن چوڭ باغچا بولۇپ ھەر خىل مېۋىلەر مول ئىدى. ۋاڭ، بەگزادىلەر بۇ يەردە جۇجەم (ئۇجمە) سەيلىسى، ئۆرۈك سەيلىسى، باراۋەتلەردە بولاتتى. مىلىس، مەشرەپلەر ئۆتكۈزۈلەتتى.

## ۋاڭنىڭ ھايۋانات باغچىسى

ۋاڭنىڭ سۇقۇۋۇقىنىڭ سىرتىدا، گۈلباغ ناملىق بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساياھەت بېغى بار ئىدى، بۇنىڭدا ۋاڭغا خاس بىر ھايۋانات باغچىسى بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە بىر جۈپ كىچىك يولۋاس، توز، بۇغا، سۇلەيسون ۋە ھەر خىل قۇشلار بار ئىدى.

## قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى مەكتەپلەر

1658 - يىلى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم «گازارما مەكتىپى» قۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل مەھكىمىسى يەنە بىر «يېزا مەكتىپى» ئاچقان. 1976 - يىللاردا ھەقسىز مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ ئۇيغۇر بالىلىرىغا خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن. شۇ چاغلاردا قۇمۇل ۋاڭى «ئىۋىرغول بىلىم يۇرتى» (ۋاڭ غوجام بىلىم يۇرتى) نى قۇرۇپ ئوقۇش سۇپىتىنى ئۆستۈرگەن. بۇ بىلىم يۇرتى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا قۇرۇلغان بەش بىلىم يۇرتىنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان. ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇرلارنى جاھالەتتە قالدۇرۇش ئۈچۈن، كېيىن ئوقۇتۇش خىراجىتىنى ھەربىي خىراجەتكە ئىشلىتىۋالغان، نەتىجىدە ئۇيغۇر بالىلىرى پەقەت دىنى مەكتەپلەردىلا بىلىم ئالغان.

## قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى سودا ئىشلىرى

تارىختىن بېرى قۇمۇل شەرقىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىقىدىغان ۋە كىرگۈزۈلىدىغان ماللارنى يىغىش ۋە تارقىتىش ئورنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ بويىچە مۇھىم سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. تيەنجىن، بېيجىڭ، شەنشى، گەنسۇلاردىن قۇمۇل

ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، تۈرلۈك مىلىجمال، رەخت ۋە قەغەزلەر توشۇلاتتى. قۇمۇل ئارقىلىق گەنسۇ ۋە باۋتولارغا پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق نەرسىلەر كىرگۈزۈلەتتى. يەنە رۇسىيەگە توشۇلىدىغان تېرە، يۇڭلارمۇ قۇمۇلغا يىغىلاتتى ۋە تارقىلاتتى، بۇ چاغلاردا ۋاڭنىڭ مەخسۇس تۆگە كارۋانلىرى بار ئىدى. ئۇلار تۆگە بىلەن قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى.



www.uyghurkitap.com

# قومۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى



## تورپاق يېغىلىقى

1907 — يىلى ئەتىيازدا، ۋاڭ بۇ سېرىقتال مەزگىلىدە دېھقانلارنى سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا دېھقان شەرۇللا بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ھېچقانداق ئامال تاپالماي ئاخىرى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن غەزەپكە كەلگەن دېھقانلار قۇمۇل مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ ھاشا، سېلىقنى يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ھەل بولمايدۇ. ئاخىرى مىڭدىن ئارتۇق دېھقان توپلىشىپ ۋاڭغا قارشى نامايىش قىلىدۇ ۋە ئوردىنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسىنى كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ تاشلايدۇ.

كېيىن ۋاڭ شاماخسوت بىلەن ياڭزېڭشىن بىرلىشىپ، دېھقانلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ. لېكىن دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى كېڭىيىدۇ ھەر قايسى يېزىلاردىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار كەتمەن گۈرجەك كۆتۈرۈپ شەھەرنى قورشاشقا باشلايدۇ. بۇ قوزغولاڭغا مولالاراجى، دوگامەت، يارتاخوجام ئەخمەت قاتالىقلار يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئاخىرى ۋاڭ يې شىڭفونىڭ ياردىمى ئاستىدا قوزغولاڭنى باستۇرىدۇ. خۇاگوسەندە مولالاراجى قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. بىر قىسىم قوزغولاڭغا قاتناشقان كىشىلەر ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىدۇ.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغانلارنىڭ جەمەت لەقىمى «تورپاق» بولغانلىقتىن، «تورپاقلار يېغىلىقى» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى

«تۇرپاقلار يىغىلىقى»دا يۇرىكى زەردابقا تولغان قۇمۇل خەلقى يەنە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغاندا ۋاڭ شاماخسۇت قۇمۇلدىن 500 كىشىنى يۇەنداخۇانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى توساشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە قۇراللىق دېھقان تۆمۈرمۇ بار ئىدى. قوشۇن يولغا چىقىپ لياۋدۇنغا كەلگەندە تۆمۈر دوستلىرى بىلەن بىرلىشىپ قۇراللىق قوشۇنغا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. قوشۇن بىر دەكلا تۆمۈرنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ كەينىگە قايتىپ كۆشۈتىگە كېلىدۇ. شاماخسۇت ۋاڭ بىلەن تۆمۈر خەلپە قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىش بولىدۇ. بۇنىڭغا ياڭ زىڭشىن، يۇەنداخۇالار ئەسكەر، قورال چىقىرىپ ئالاھىدە ۋاڭغا ياردەم بېرىدۇ. لېكىن تۆمۈر، تۆمۈرنىڭ قوشۇنى تەسلىم بولمايدۇ. ئاخىرى ياڭ زىڭشىن ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئارقىلىق تۆمۈرنى تاغدىن چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ھەم ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۆمۈرنى قەتلى قىلىدۇ.

## چارروسىيە قاچاق ئەسكەرلىرىنىڭ قۇمۇل پالۋانلىرىغا تەسلىم بولۇشى

شا ماخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە چارروسىيىنىڭ بىر قانچە ئاتلىق قاچاق ئەسكەرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن،

قۇمۇلغا چۈشكۈن بولغانىدى. شاماخسۇت ۋاڭ ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن ئاشلىق، قوي، چاي بېرىپ باققان. ئەمما ۋاڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ مالىمانچىلىق سېلىشىدىن قورقۇپ، قۇمۇلنىڭ پالۋانلىرىنى يېغىپ، بۇ قاچاق ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى قورالىلىرىنى تارتىۋېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەن. پالۋانلار شاماخسۇت ۋاڭنى خاتىرجەم قىلىپ، بۇ ئىشنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي چاررۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاراپ يول ئالغان. ئۇلار شىلىڭشىشا تەرەپكە قاراپ، كەڭ بىر سايلىقتا كېتىۋاتقاندا نەچچە مىڭلىغان ئاتلىق پالۋانلار ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قاچاق ئەسكەرلەرنى يىراقتىن قورشىغان. بۇ چاغدا ئەتراپنى توپا — چاڭ قاپلاپ كەتكەن. بۇ توپا — تۇماننىڭ ئىچىدە تەمتىرەپ قالغان چاررۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

پالۋانلاردىن بىر قانچىسى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوراللارنى تولۇق تاپشۇرۇشنى بۇيرۇغان. قاچاق ئەسكەرلەر بىر — بىرلەپ قوراللىرىنى تاپشۇرغان.

ئەسلىدە، قاچاق ئەسكەرلەرنى قولغا چۈشۈرگەن ئات بىر قانچىلا پالۋان ئىدى، پالۋانلار ۋاڭنىڭ ئەمرى بىلەن تاغقا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىدۇ. ئۇلار مىڭلىغان ئاتنىڭ ئۈستىنى ئادەم ئولتۇرغاندەك قىلىپ ياسايدۇ، ھېلىقى بىر قانچە پالۋان بولسا ئاتلارنى ھەيدىگەن پېتى كېلىپ، قاچاق ئەسلەرلەرنى قورشايدۇ. بۇلار چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كۆزىگە توپا — تۇمان ئىچىدە بىر قانچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ كۆرۈنىدۇ، قاچاق ئەسكەرلەر ئاخىر قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تەسلىم بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇمۇل شىۋىسى ۋە ئەل ئەدەبىياتى



## قۇمۇل شىۋىسى ھەققىدە

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى تىيانشاننىڭ شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبىدا ياشىغان «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان «شەرق ئۇيغۇرلىرى»غا، شۇنداقلا «ئاساسىي ھەم ئانا قەبىلە» ھېسابلىنىدىغان توققۇز ئوغۇزلار ياكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ. قۇمۇل شىۋىسى تارىختىكى «شەرق ئۇيغۇرلىرى» شىۋىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شىۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى، ساپ ۋە باي تارمىقى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى قۇمۇل رايونىغا كېيىنرەك تارقالغانلىقتىن قۇمۇلدا قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى، تىل، ئۆرپ — ئادەت، ناخشا — ئۇسسۇل، مۇزىكا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىقلار بىرقەدەر ساپ ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت — سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە:

بىلىگ بىل «ئۆزۈڭگە ئورۇن قىل تۆرە،
بىلىگ بىلسە ئۆزگە ئۆزى بەرك تۇرا.»
(بىلىم بىل ئۆزۈڭگە تۆرىنى ئورۇن قىل،
بىلىم — ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇستەھكەم بىر تۇرا)

بۇ بېيىتتىكى «تۇرا» دېگەن سۆز مەزكۇر كىتابنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە (قالقان)، ئۆزبەكچە تەرجىمىسىدە «مەھكەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇرۇش» ، رۇسچە تەرجىمىسىدە «سىپىل» دېگەن مەنىدە ئېلىنغان. قومۇلدا «تۇرا» سۆزى چېتىلىپ كېلىدىغان يۈزدىن ئارتۇق جاي ئىسىملىرى بار. مەسىلەن: «دۆشتۇرا» ، «تۆۋەن تۇرا» ، «بورچاتۇرا» ، «قوچقاچتۇرا» ، «چاشقانتورا» . . . دېگەنگە ئوخشاش.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋان لوغەتىن تۈرك» ناملىق كىتابىدا «سۇچۇلدى» (يەشتى، سالدى) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ قومۇل شىۋىسىدە «چۇچۇلدى» شەكلىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. قومۇلدىن باشقا يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلاردا بۇ سۆز ئۇچرىمايدۇ.

قومۇل شىۋىسى ئۆزىنىڭ قەدىملىكىدىن تاشقىرى، شىۋىگە خاس سۆزلەرنىڭ بايلىقى بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا شىۋىلىرىدە يوق سۆزلەر قومۇل شىۋىسىدە كۆپرەك تېپىلىدۇ. مەسىلەن: «بوۋۇغوم» (ئوكام — سىڭلىم) ئالۋۇن (ۋىلۋىل، ئېزىتقۇنىڭ) ، ئېنە (ئانا) قاتارلىقلار.

سوۋېت ئالىمى س. يې. مالوپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شىۋىسى ناملىق كىتابىدا قومۇل شىۋىسىدە شالغۇتلۇقنىڭ يوقلىقىنى، ئۇيغۇرنىڭ خاس قەدىمكى تىلى ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن.

## ئاتاقلىق تۈركشوناس ئالىم س يې مالوپ قومۇلدا

4191 — يىلى رۇس تۈركشوناس ئالىمى س يې مالوپ قومۇلغا كېلىپ قومۇلنىڭ يەرلىك تىلى (دىئالېكتى) ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خوتۇنتام، قوراي،

قارامۇقچا، ئايار، تاشار، شوپۇل قاتارلىق بىر قانچە جايدا ئەل ئىچىدىن ئۇرغۇنلىغان قوشاق، بېيىت، ناخشا، پاراڭ، توقۇلما، چۆچەك، تېپىشماق ۋە سۆز ئىبارىلەرنى توپلىغان. ئۇنىڭ بۇ توپلىغانلىرى 1945 — يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شىۋىسى دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىپ چىقىرىلدى.

## قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى يەرلىك شىۋە

قۇمۇل رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە، باي مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە. قۇمۇل رايونىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيە شارائىتى ئاستىدا، ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بولۇپمۇ قۇمۇل خەلقىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى ئىچىدە ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغىنى قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپ ئۇنىڭ شەكلى خىلمۇ خىل، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، تىلى ئەنئەنىۋى تارىخىي ئالاھىدىلىككە خاس خۇسۇسىيىتى ساقلاپ كەلگەن. قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى، بولۇپمۇ قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى يەرلىك شىۋىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت ۋە تىل تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى تىل شۇ مىللەتنىڭ پۈتۈن تارىخىي، بولۇپمۇ ئەدەبىيات تارىخىي بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، بۇ شۇ مىللەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشلانغاندۇر. شۇڭا ئېغىز

ئەدەبىياتىدىكى تىلنى ئەڭ قەدىمكى تىل ھېسابلايمىز، تۆۋەندە قەدىمىيلىكى، يەرلىك شىۋە پۇرىقى كۈچلۈك بولغان قوشاقلاردىن كۆرۈپ ئۆتەيلى:

تاش بىلەن مىچىت قوپاردۇق،
چۆرىسىنى چىتلىماي.
شۇ يېرىم (يارىم) ئارماندا كەتتى،
بىر گۈلىنى ئېلىنماي. ①

X X X

ئىنىدىسەڭ ② ئىندە يارىم،
ئىندىمىسەڭ كەتتىم يىراققا.
ئانچىكى يارلارنى دەپ،
سالدىڭ مېنى ئوت ۋەپىراققا.

X X X

ھەشقىپىچەك يۆگۈلۈپتۇ،
باغدىكى جىنەستىگە.
نېمە دەپ كۆڭلۈمنى بەردىم،
يار دىگەن پۇدەستىگە. ③

X X X

كىچىككىنە باغچا ئىچىدە،
يېڭى ئۈنگەن گۈل ئانار.
شۈغىنە خېنىم بوغۇمنىڭ، ④
ھەر بويىدا گۈلى بار.

X X X

مەن سېنى يارىم دىدىم،
قاچان سېنى دائىم دېدىم.
يارغىنەمنىڭ يوغىدا،
يادىي — جۇدايى⑤ يارىم دېدىم.

X X X

كۆلەڭگەم تامدىن ئېشىپ،
يەردە ياتۇرنى بىلمىدىم.
بۇ مېنىڭ ئۇلان ⑥ بېشىم،
مۇڭغا قالۇرنى بىلمىدىم.

X X X

يارنىڭ ھەيران بېغىدا،
ساقلىغان كەپتەرى بار،
كۆڭلىنى خەققە بىرىپ،
بىزگە سونو⑦گەپلەرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئامبىرى



X X X

ئاق جۇجەم⑧پېشتى تۆكۈلدى،
يەپ باقمىدىم تاتلىقمىكەن.
دۇنيانىڭ مازۇزلىقى⑨،
ئاتام بىلەن ئانام ئىكەن

X X X

كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ،
تاش بىلەن قومنى ساناپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
كۆڭۈلدىكى يارنى ئىلاپ.⑩

X X X

ئاللايارىم بۇ يايلاقنى،
قانداق يايلايسەن.
ئۆزەڭ ئويناپ، ئۆزەڭ كۈلۈپ،
كىمگە لايلايسەن. ⑪

X X X

ئات بوينىدا جۇغولا، ⑫
بېشىدا يۆگەن — لوختا. ⑬

ئاچچىغىڭ تولا كەلسە،
سەۋرى قىل، بىزە توختا.

X X X

ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە،
ئۆزەڭلەرگە رەپىشىدۇ. ⑭
يېڭى يارنى تۇتقاندا،
كونا يارلار ئەپىشىدۇ.

X X X

يارنىڭ ئېتى خەلىچە،
پۇرجام⑮ تەگمەس ھېلىچە.
مەن ساڭا خىزمەت قىلاي،
ئۆمۈرۈمنىڭ بېرىچە.

X X X

ئاتامدىن كەيمىدىم مەشرو⑯،
ئانامدىن كەيمىدىم مەشرو.
خۇدايىم بەختىمنى بەرسە،
كېيەرمەن قاراقاش مەشرو.

X X X

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇنداقمۇ بولور مەنمۇ،
شۇم تەلەي بولۇر مەنمۇ.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
سارسىلىپ قالور مەنمۇ. ⑰

X X X

ياخشىنىڭ يادىگاسىنى،
كۆزلەرنىڭ قېتىدا ساقلىغىن.
يامانىنىڭ گۆسمەسىنى⑱،
ئايرىپ يىراققا تاشلىغىن.

X X X

تۆگىنىنىڭ تىگەر بولسا،
بېغىشىنى ⑲قويدۇرما.
ئاشىقىڭدىن سۆز ئالساڭ،
دۈشمىنىڭگە تۆيدۈرما.

X X X

يەنە شەرنىڭ يولىدا،
ئۈۋاڭ — دوۋاڭ تۇرقۇلۇق. ⑳
ھەرلا كىمنىڭ يارى بولسا،
سىڭىر دە㉑قاراپ تۇرغۇلۇق.

X X X

ئاندا يارىم كېلىدۇ،
توققۇز داۋاننى داۋاپ. ㉒
ئاي يۈزىگە توغ قونۇپتۇ،
يامان ئاتلارنى ساۋاپ.

X X X

كالا سولىغان دەپسەكتە، ㉓
ئارقارلارنىڭ ئىزلىرى.
ھائقاي ㉔ كۆچەك مېرىخان،
تاسقار ㉕ نىڭ قىزلىرى.

X X X

دەربەدەر ㉖ قىلدىڭ مېنى،
كۆلدىن بېتەر قىلدىڭ مېنى.
كۆيۈك ئوتلارغا سېلىپ،
ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

X X X

مەن بىر ئانىي ㉗ ئادەم،
پەت ㉘ ئۈرساڭ خۇدايىم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەن ساقلىمىساڭ مېنى،
ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

X X X

تىردانىدا㉙ ئوقۇم جىق C ئىدى،
ئاتقاندا كۆڭلۇم توق ئىدى.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
ئەندۇ ㉚خىياللار يوق ئىدى.

X X X

ئۇ خىيلار يامان خىيلار㉛،
ئۆزەڭ بىلەرسەن.
تال بويۇڭنى تار قىلىپ،
شېھىد ئۆلەرسەن.

X X X

قارلىقىم قارلىق سايان،
سەگۈنچىكى سەرۋەڭ سايان.
زامانىنىڭ دۇشقارىدا، ㉓
سەن بىر سايان، مەن بىر سايان.

X X X

مەتنىياز دەپ قىچقارسام،
سىڭار كۆزلۈك ئەر چىقتى.
ئارقارلارنى قوغلۇشۇپ،
مۆڭەر㉝لەردىن تەر چىقتى.

X X X

مۇزلاپ ئېرىگەن ياشنى،
توغراپ سالامدۇ ئاشقا.
بىرلا كەلگەن دۆلىتىم،
يېنىپ كېلەرمۇ باشقا.

**ئىزاھلار:**

① ئىنىلاش — پۇراش، پۇرىماق
② ئىندەش — ئۆزىگە تارتىش، جەلپ قىلىش
③ پۇۋەستە — قارايۇز
④ بوغۇم — ئۇكام، سىڭلىم.
⑤ ياداي — جۇداي — نائىلاج، ئاندا — ساندا
⑥ ئولان — ئەركىن، ئىختىيار
⑦ سونو — ئاجايىپ، بۆلۈكچە
⑧ جۇجەم — ئۇژمە
⑨ مازۇز — پەخىرلەنمەك، غورورلانماق
⑩ گىلاش — ئەسلەش، سېغىنىش
⑪ لايلاش — قېيداش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



⑫جۇغولا — ئات كەمەلدۇرگىسىگە بېكىتىلگەن زىننەت بۇيۇملىرى.
⑬لوختا — نوختا
⑭رەپشىش — ئاتلىقنىڭ ئۆزەڭگىنى گۆلمىگە تۇرۇپ ھەيۋە قىلىشى.
⑮پۇرجا — ۋاقىت
⑯مەشرو (قاراقاش مەشرەپ) — لايىقىدا تىكىلگەن بىر يۇرۇش كىيىم.
⑰سار سېلىش — سەرسان بولۇش
⑱گۆسخە — غەيۋەت، شىكايەت
⑲بېغىشى — تۆگمەنگە نۆۋەت كۈتۈش ئۈچۈن ئاپىرىپ قويىدىغان ئاشلىق.
⑳تۇرقۇلۇق — تۇرخۇن
㉑سىگىر — دوخمۇش
㉒توغ — چاڭ — توزاڭ
㉓دەپسەك — تاغ، ئېدىرلاردىكى كالا سولىغان جاي.
㉔ھاڭقاي — مۆلك، ھاڭۋاقتى
㉕تاسقارا — سا
㉖دەربىدەر — ۋەيرانە
㉗ئانىي — يۇۋاش
㉘پەت ئۇرۇش — ئىچىدىن ئۇرۇش، تويغۇزماي سويقەست قىلىش
㉙تىردان — ئوقدان
㉚ئەندو — خاتا، توغرا بولماسلىق، خەتەرلىك
㉛خىي — مەھەللە
㉜دۇشقار — قىيىن، مۇشكۈل
㉝مۆگەر — ئۆگە ـ ئۆگىلەر
㉞ياش — چامغۇر

## قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى، ژانىر (تۈر) لىرىنىڭ خىلمۇ — خىللىقى، تىل ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە خاسلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق، بېيىت، داستان، ناخشا، چۆچەك، لەتىپە، تېپىشماق، رىۋايەت، ماقال — تەمسىل، پاراڭ، توقۇلما قاتارلىق بىر مۇنچە ژانىرلىرى بار.

قۇمۇل ئۆزىنىڭ قەدىملىكى، تىل، شىۋىلىرىنىڭ بايلىقى، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن بىر مۇنچە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. مەسىلەن: كاتانوۋ، ئا. لىكوك، گ. گروم، گىرژىمايلو، س. يې مالوپ قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار 1896 — يىلدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە قۇمۇل شىۋىسى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بولۇپمۇ س. يې مالوپ 4191 - يىلى قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇلنى بىر نەچچە ئاي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بىر نەچچە يۈز ناخشا، نۇرغۇنلىغان قوشاق، بېيىت، ھېكايە، چۆچەك، پاراڭ، رىۋايەتلەرنى توپلاپ مەخسۇس بىر كىتاب نەشىر قىلدۇردى. بۇ كىتابتىكى تېپىشماقلارنىڭ سانىلا 651 گە يېتىدۇ.

## قۇمۇل خەلق داستانلىرى

قۇمۇل خەلق داستانلىرىدا ئاساسەن جوڭغارلارغا قارشى كۆرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن داستانلاردىن «ياچىبەگ»،

www.uyghurkitap.com



«ئىسلام بېگىم» ، «ئۆمەر باتۇر» ، «زىنداندىكى توختاخۇن» قاتارلىق داستانلار؛ چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار ئەكس ئەتتۇرۇلگەن «چىڭ مودەن» ، «تۆمۈر خەلپە» داستانى؛ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى كۆرەش ئەكس ئەتتۇرۇلگەن «مەريەمخان» ، «ئالمىخان» ، «مايىمخان» ، «قارادۆۋچە گۈلدەسخان» قاتارلىق داستانلار بار.

## قۇمۇل خەلق ماقال — تەمسىللىرىدىن نەمۇنىلەر:

△قوغۇننىڭ ئۈبدىنى ئۈزۈن پىلەكتە، چىشىنىڭ ئۈبدىنى ئاستىنقى ئىڭەكتە.

△ئىنە چېغىڭنى چىينە.

△تەقىيىدە ياماق بولماس، ياخشىدا دىماق.

△ياخشى بولسا كېلىن، يامان بولسا يېلىن (ئوت)

△ئىش قىلغۇچىنىڭ، سورۇن ئولتۇرغۇچىنىڭ.

ئۆمۈر ئۆتەر ھۆسىلەڭ ئۆچەر.

△بېگى بولمىسا دورغىسى، گۆشى بولمىسا شورپىسى.

△كۆسۆيۈك ئۈزۈن بولسا، قولۇڭ كۆيمەس.

△ياخشى گەپكە ئىلان ئىنىدىن چىقار، يامان گەپكە مۇسۇلمان دىنىدىن چىقار.

قېرىنى قاپقا سولا، سۆرەپ يۈرۈپ گەپنى سورا.

△سەڭگەرمىسەڭ ساڭگىلىتىمدۇ.

△يىپ ئۈچى، يىڭنە سۈنىغى.

△يەرسىز ئىدىم يەرلەندىم، توقماق ئېلىپ شىيلەندىم (كۈچلەندىم).

△باشتىكى ھوشۇڭدىن يانما، ئەتىكەنكى ناشتىدىن قالما.

△قۇل كۆتىگە قورو يوق، ئۆرلەك ئوتىغا سوراق.

△مىنگەن ئېتىغا قۇم ئارتىدىغان، يۈرگەن يولىغا ئازغان تېرىيدىغان.

△ھارماڭ دېسە ھاپاش بوپتۇ.

△ئورۇق كىيىكنى ياراتماي، سېمىز كىيىكنى تاپالماي، تاغدىن ئۇچقان بارات باي.

△ئامان خوجا سۇمۇندا يوق.

ئەردىشىر ئوۋغا چىقتى، كەينىدىن غوغا چىقتى.

△سىركىسى سۇ كۆرمىگەن.

△قىرىندىشىڭنى ئىشقا چاقىر، چايغا چاقىرما.

△ئېيتسام تىلىم كۆيەر، ئېيتمىسام دىلىم.

△تەمسىز قوغۇننىڭ ئۇرۇقى كۆپ.

△تونۇڭ ياماق بولسىمۇ، كۆڭلۈڭ يامان بولمىسۇن.

△سۆيمىگەنگە سۇر كەلمە.

△يامان بىلەن ئىش قىلساڭ، قىلغان قىلمىغىنىڭ ھەش بولىدۇ.

△قېرى بىلگەننى پىرى بىلمەس.

## قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل

مەشرەپ — قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ ئىپادىلەش شەكلىدە ناخشا — ئۇسۇل ئاساس قىلىنىدۇ.

ناخشا — قومۇل خەلق 12 مۇقام ماخشىلىرى ئېتىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇسسۇل ـ ئادەتتە ئۇرپ ـ ئادەت ئۇسسۇلى، قاچا ئۇسسۇلى، تەقلىد ئۇسسۇلى ۋە ئەمگەك ئۇسسۇلى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇرپ — ئادەت ئۇسسۇلى، كۆك مەشرىپى، قار مەشرىپى، مىلىس، باراۋەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قاچا ئۇسسۇلى، چىنە ئۇسۇلى، تەخسە ئۇسسۇلى، داپ ئۇسسۇلى، چىراغ ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەقلىد ئۇسسۇلى ـ تۆگە ئۇسسۇلى، ئات ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمگەك ئۇسسۇلى ـ تېرىقچىلىق ئۇسسۇلى، ئورما ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## كۆك مەشرىپى

كۆك مەشرىپى — قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قىش ئايلىرىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ، تېرىقچىلىق باشلانغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ئويۇننى باشلاشتا ئالدى بىلەن بىر مەھەللىدە بىر كىشى چىن تەخسىگە بۇغداي مايىسى ئۇندۇرىدۇ. مايسا يېرىم چىمدەك ئۆسۈپ چىققاندا ئەل ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ كەچكى كۆڭۈل ئېچىش — كۆك مەشرىپىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. مەشرەپ تازا قىزىغاندا تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشىدۇ، مەشرەپ ئاخىرلاشقاندا ئۇندۇرۇلگەن كۆك (مايسا) نىڭ بىلىنى قىزىل تاۋار لىنتا بىلەن باغلاپ ئۈستىگە قىزىل قەغەزدىن ئويۇلغان خوراز ـ مېكىيانلارنىڭ سۈرىتىنى سانچىپ، مايسىنى تويى بولغان قىزدەك ياساندۇرىدۇ. ئاندىن 9 تەخسە ھەر خىل مېۋە، بىر كىيىملىك رەخت بىلەن، «كۆك بېيتى» نى

ئېيتىپ ئۆزى خالىغان بىرسىگە تۇتىدۇ. مايىسنى ئالغان كىشى شۇ ھەپتە ئىچىدە بىر كۈننى بەلگىلەپ يانا شۇنداق كۆك مەشرىپىنى ئۇيۇشتۇرۇدۇ. بۇ ئويۇن مايسا سارغايغىچە داۋاملىشىدۇ.

## كۆك بىيىتى

قىشلىقى ئۈندۈردىلە دانە بۇغداينى،
سۇغارغىلى ئەربارمىكىن شۇ دانە بۇغداينى.
سۇنارغىلى ئەر بولسىكەن شۇ دانە بۇغداينى،
كېچە — كۈندۈز ياد ئېتەرمىز ئۇستۇن خۇدانى.
چىللا زىمىستاندا ئۈنەرسەبزە بىيھارنىڭ ئەگىلى،
ياخشىلارنىڭ مېلىسىدىن سەبزە ئۈندى قىشلىقى.
قىشلىقى ئۈنگەن چېچەكنىڭ تەرىپى نازۇك تۇرۇر.
سۇغۇرۇپ گۈل چاچقىلى ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر.
تام چېچەك، تام — تام چېچەك، تامدىن ئېگىز بارمۇ چېچەك.
كۆرگىلى كۈللۈك چېچەك، كۆتۈرگىلى ئېغىر چېچەك،
بۇ چېچەكنىڭ تەرىپىنى مۇم بىلەن نامە ئەيلىدۇق.
بۇ چېچەكنى ئۆزلىرىگە بىز تۆھپە ئەيلىدۇق،
گۈل چېچەكلەرگە ئوراپ كۆكنى تۇتتۇم خوش ئالسىلا.
دۇنيانىڭ كارى نېمە يىراققىنە تاشلىسىلا،
ئىگىز ئىگىز ئۆيلىرىنى پىشقىن بىلەن ئاقلىسىلا.
كۆكنى قويۇپ ئۆيلىرىدە ئۆيدەككىنە ياتمىسىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



نەغمىچى لازىم بولۇر، ھېپىزلارنى راسلىسىلا،
ئۇسسۇلچى لازىم بولۇر، جوگانلارنى راسلىسىلا.
غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز ھەممىنى تەڭ راسلىسىلا،
بۇ ئويۇنلار ئىشىگە گازىر پورچاق، ھاراق — شاراپ ھەم
راسلىسىلا.

## قار مەشرىپى

تۇنجى قار ياققان كۈنى مەلۇم كىشى قار بېيىتىنى يېزىپ خالىغان بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. ھەم يانغىچە «ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئالۇرلا» دەپ قويۇپ قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى قار تاشلىغۇچىنى ئۆيىگە كىرىپ كەتمەستە تۇتۇپ ئالسا يۈزىگە قارا سۈركەپ قويۇۋېتىدۇ. قار تاشلىغۇچى شۇ كۈنى كەچتە ئەل — ئاغىنە، يار — بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ، بىر قوينى سويۇپ مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. ناۋادا تۇتالماي قالسا، قار تاشلانغان ئۆينىڭ ئىگىسى مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇنجى قارنى تەبرىكلەش مەزمۇن قىلىنغان، ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى.

## قار بېيىتى

قار يېغىپ ئالەم يۈزىنى قىلدى ئاپپاق،
گۆش پىشىپ ئالەم ئىچى بولدى بىدىماق.
شۇ كۆڭۈللەر خوشلىقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق،

قوينى توققۇز، غازنى ئۇتتۇز ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق،
چىنە — چاجۇشتە ھاراق، خاۋدا كوسەرنى راسلىدۇق،
چالغىلى قالون — سەتەر، بەرباپ، راۋاپنى راسلىدۇق،
نەغمىچى لازىم دېسە مەڭلىك ئۇستامنى راسلىدۇق.
قار ئېلىپ بارغان كىشىنى پەم بىلەن چىڭ تۇتىسلا،
قېشىغا ئۇسما قويۇپ پەرداز قىلىپ ياندۇرسىلا.
قار ئېلىپ بارغان كىشى كەلسە سالامەت يېنىپ،
قار ئېلىپ قالغان كىشى جابدۇق قىلۇرلار ئاتنى مىنىپ،
ئاتنى چېپىپ.

## يىلنامە قوشىقى

ساچقىنى سۆيلاپ، ئۆيلىرى مۆرەپ كېلىدۇ،
يولدا يولۋاس، توشقىنى تۆيلاپ كېلىدۇ.
دەريادا بېلىق، ئىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ،
ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە مەرەپ كېلىدۇ.
مايمۇنى مۆيلاپ، توخۇسى چىللاپ كېلىدۇ،
ئىتلىرى قاۋاپ، تۇڭگۇزى تۆيلاپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر قىسىم قوشۇنلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ
# كېلىپ چىقىشى ھەققىدە



## «يالغۇز تۇيۇن» ناخشىسى

1674 — يىلدىن 1688 — يىلغىچە غالدان قونتەيجى پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنى قاتتىق پاراكەندىچىلىككە سالغان يىللار بولۇپ، جۈملىدىن قۇمۇلدىمۇ بۇ پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ تۇرغان. خەلق دەھشەتلىك قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ ئۆي، باغلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بولۇپمۇ ئىمىر تېغىنى ماكان تۇتقان كۆنچەك باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم باسمىچىلار ئاراتۈرۈك ۋە قۇمۇلنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ خەلقنى تالان — تاراج قىلغان ۋە ئۆلتۈرگەن. شۇ يىللاردا تال تېغى ۋە خوتۇنتام كىشىلىرى يالغۇز تويۇن ئەتراپىدا دېھقانچىلىق قىلاتتى. بۇغداي ئورمىسى ۋاقتىدا 66 نەپەر ئەر كىشى ئوما قىلىۋاتقاندا كۆنچەكنىڭ 2 — 3 يۈز ئادىمى تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ، بۇ يىگىتلەردىن 40 كىشىنى شۇ جايدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. (بۇ 40 نەپەر يىگىتنىڭ جەسىدى يالغۇز تۇيۇن تېغىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ھازىرمۇ بار) . بۇ ئۆلتۈرۈلگەن يىگىتلەر ئۈچۈن پۈتۈن قۇمۇل خەلقى قاتتىق قايغۇرغان. يىگىتلەرنىڭ ئاتا — ئانا، ئۇرۇق — تۇققان يارى بۇرادەرلىرىنىڭ ئاھ — زارىغا چىدىمىغان، شۇ چاغدىكى بەگلىكنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ئۆمەر قىساس ئېلىشقا ئاتلانغان. ئۇلار ئۈچ داۋان دېگەن يەردە قاتتىق بىر مەيدان سوقۇشقان كۆنچەك ئاخىرى چىداشلىق بېرەلمەي قېچىپ موغايدىكى «كۆنچەكنىڭ شەھىرى» دەپ نام ئالغان تاش شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ سوقۇشقان. كۆنچەك باسمىچىلىرى ئاخىرى سۇ ۋە ئوزۇقتىن قىينىلىپ ئۆمەر باتۇر ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۆسۈپ چىقىپ، ئىمىر تېغىغا قاچقان. ئۆمەر باتۇر ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ كۆنچەكنىڭ ئەسكەرلىرىنى ھەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قايتقان. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئۆمەر باتۇرنى مەدھىيىلەپ، «يالغۇز تويۇن» ناخشىسىنى ئىجاد قىلغان. تۆۋەندە بۇ ناخشىدىن بىر قانچە كۇبلىت كۆرۈپ ئۆتەيلى:

يالغۇز تۇيۇن بىر پارچە تاغ،
ئاسماننى تەپكەن.
ئۆزى ئۇلۇق، كۆڭلى پېقىر،
سۇلارنى سەپكەن.
يالغۇز تۇيۇن بىر پارچە تاغ،
بۇلۇتنى قورغان.
ئاتمىش ئالتە گۆدەكلەرنى،
بوغدايدەك ئورغان.
ئاتمىش ئالتە گۆدەكلەرنى،
چىگمەندە يۇغان.
ئاتا — ئانىسى يىغلاپ قاقشاپ،
لەھەتكە قويغان.
يالغۇز تۇيۇننىڭ ئارقىسى،
قاپ قارا سايدۇر.
ئۆمەر باتۇر مىنگەن ئاتى،
كۆك ئالا تايدۇر.
كۆك ئالاتاينى مىنىپ،
بايلارنى باسقان. ①

① باي — ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى باي دېگەن جاي

بىر مىڭ بىر يۈز قالماق كۆرۈپ،
كەينىگە قاچقان.

## ئاللىيەي شەرۋازىم

شەرۋاز — شەھەرنى قوغدىغۇچى لەشكەر مەنىسىدە بولۇپ، «ئاللىيەي شەرۋازىم» دېگەن ناخشا يۇرتنى قوغداش، جەڭگە تەييارلىنىش مەنىسىدە مەيدانغا چىققان. قۇمۇلنىڭ دەسلەپكى تارخانبېگى ئەبەيدۇللا جوڭغارلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا پۈتۈن خەلققە مۇراجىئەت چىقىرىپ، جوڭغارلارنى يېڭىش كۆرىشىگە دادىل ئاتلىنىشنى بۇيرۇق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل خەلق ئۇرۇشقا ئاتلانغان. ئەنە شۇ چاغلاردا بۇ ناخشا قۇمۇل خەلق 12 مۇقامىدىكى مەخسۇس بىر ناخشىنىڭ نەقرىاتىغا قوشۇلۇپ كىرگەن:

ئاللىيەي شەرۋازىم،
هازىر بولۇڭلار.
كەلدى دۈشمەنلەر،
باتۇر تۇرۇڭلار.

## شەرخۇمارى

ئەبەيدۇللا تارخانبەگ هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قۇمۇلنىڭ سودا — سېتىق ئىشلىرى خېلىلا ئوبدان يولغا قويۇلغان. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سودىگەرلەرمۇ قومۇل ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۆتەتتى. بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىدىكى خەنزۇ سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىسى ياخشى بولۇپ كېرەكلىك مال، خام ئەشيا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى بولۇپ تۇرغان. ئەنە شۇ چاغلاردا بۇ ناخشا كېلىپ چىققان. تېكىستى:

نالىي لەيدى لوتوكې ئىپي يارىمەي،
تۇرپان لەيدى لوتوكې شەرخومارى.
لوتوغىچە تودىسا ئىپي يارىمەي،
خاجۇ، خوجۇ، جاڭ فېيزا شەرخومارى.
خاجۇ، خوجۇ، ساجاچەن ئىپي يارىمەي،
ئەرلياڭ، ئەرچەن، ئەرفوڭ بەن شەرخومارى.

بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭى ئۇيغۇرچە، تېكىستى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئارىلاشما بولۇپ ئەينى چاغدا بۇ ناخشىنى يەرلىك خەنزۇ، خۇيزۇلار ياخشى كۆرۈپ ئېيتاتتى.

## يارەنلەر يار ئۆلتۈردى

بۇ ناخشا 1863 — يىلدىن 1876 — يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە بارلىققا كەلگەن. 1863 — يىلى كوچاردىكى راشىدىن خوجا ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىپ ئۆزىنى خان خوجا دەپ ئېلان قىلدى.

1864 — يىلى ياقۇپبەگ پەرغانىدىن كېلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، دائىرىسىنى يەركەن، كوچار، خوتەنلەرگىچە

كېتىپ قالغان. لېكىن 1876 – يىلى ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدىكى نىياز بەگ ياقۇپبەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. مانا بۇ مەنزىرىنى قۇمۇل خەلقى ناخشىلىرىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

يارەنلەر پار ئۆلتۈردى،
كۆردۈڭلەرمۇ؟
ئەنديجان سايىسىدە سۈرۈدۈڭلارمۇ؟
– ئەنديجان سايىسىدە نەلەر بار ئىكەن.
خان خوجام دەستارىدا گۈللەر بار ئىكەن،
خان خوجام توخۇلىرى چىللىشىدۇ.
مۇستاپا، كارۋان بەگلەر يىغلاشىدۇ.

## نوم ناخشىلىرى

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ دەۋرلىرىدىن باشلاپ شاماخسۇت ۋاڭ دەۋرلىرىگىچە قۇمۇلدا گۇناھكار دەپ ئەيىپلەنگەنلەر، ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىغا پالىناتتى. نوم دورغىلىرى پالانغانلارنى ئوردىنىڭ ھۆكمى بويىچە بەزىلىرىنى نوم زىندانىغا تاشلىسا، بەزىلىرىنى نازارەت ئاستىدا ئىشلىتەتتى. جازا مۇددىتى توشقىچە بەزىلىرى ئۆلۈپ كېتەتتى. بەزىلىرى شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالاتتى، ئەنە شۇ چاغلاردا نوم ناخشىلىرى كېلىپ چىققان:

ھاراق دېگەن ئاچچىق نېمە،

شىڭ شىڭ قاينايدۇ.
چىڭگاڭ① خوجام ئاچچىقى كەلسە،
نومغا پالايدۇ.

نوم بولسىمۇ، باي بولسىمۇ،
پاشانىڭ يۇرتى.
ئۆلتۈرسىمۇ، تىرگۈزسىمۇ،
پۇجۇڭنىڭ كۆڭلى.②

نوم دېمەكلەر، نوم دېمەڭلار،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قاڭغىرو تىكەن،
ئادەملىرى ئالۋاڭدىكەن.

نوم دېگەن سۇ ئايىغى،
يولغۇن توراقنىڭ سانى يوق.
ھاۋاسى ئىسسىق جارى قاتتىق،
خەلقىنىڭ ئىمكانى يوق.

## شىڭ شىڭشا ناخشىسى

1907 — يىلى تورپاق موللاراجى قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىقىدىكى دېھقانلار شاماخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى

① چىڭگاڭ — چىڭۋاڭ مەنىسىدە.
② پۇجۇڭ ـ ۋاڭنىڭ ئايالى

بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭ، خان لەشكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى رەھىمسىز ھالدا جازالىدى، ئۆلتۈردى، زىندانغا تاشلىدى. بىر قىسىملىرىنىڭ بوينىغا قوۋۇق كىيگۈزۈپ، پۇتىغا دۆڭگە سېلىپ شەھەر دەرۋازىلىرى ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. يەنە بىر قىسىملارنى شىڭ شىڭشاغا ھارۋا ھەيدەپ يەم — خەشەك توشۇش ئالۋىڭىغا تۇتتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى شامالچارۋاغلىق يارتا ئابدۇلباقىغا شىڭ شىڭشا بىلەن لوتۇچەنرە ئوتتۇرىسىدا ھارۋا ھەيدەش جازاسى بېرىلگەن ئىدى. ئابدۇلباقى بۇ جازاغا قارشى شىڭ شىڭشا ناخشىسىنى ئىجاد قىلغان ئىدى.

شىڭ شىڭشا ئۆزى گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.

شاماخسۇتنىڭ زۇلمىتى،
شىڭ شىڭشانى كۆرسەتتى.
ئىككى تال قامچە بېرىپ،
دەڭگىر[1]مانى ھەيدەيتتى.

ئۈچ يىل ھايداپ ھارۋىنى،
ئىككى قامچا چۇشۇردۇم.

---

① دەڭگىدىن — سۆكمەك ئات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلتۇمۇر① ياققاندا،
ئاتا — ئانامنى چۇش كۆردۇم.

## تۆمۈر خەلىپە ھەققىدىكى ناخشىلار

بۇ ناخشا 1912 — يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى تۆمۈر خەلىپە ھەققىدە توقۇلغان. شۇ يىللاردا قۇمۇل ۋاڭى شاماخسۇتنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان قۇمۇلنىڭ بەش شەھەر 12 تاغ خەلقى ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. لېكىن ۋاڭ ياڭ زىڭشىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تۆمۈر خەلىپىنى قەتلى قىلىپ، قوزغىلاڭنى بېسىقتۇردى. شۇ چاغلاردا قۇمۇل خەلقى تەرىپىدىن نۇرغۇن قوشاقلار توقۇلۇپ، تۆمۈر خەلىپە مەدھىيىلەندى:

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۇنىڭ ئىچى زەرەتلىك.
مۇرادىغا يەتمىگەن،
تۆمۈر خەلىپە رەھمەتلىك.
ئۈچ كۆرە، بۇغداي ئۈن تارتتۇق،
ھەممە خەققە ئاش بولدى.
تۆمۈر خەلىپە دېگەن باتۇر،
ئۇن ئىككى تاغقا باش بولدى.
تۆمۈر خەلىپە تەۋرىدى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چەندارىنىنى② ئۇيلاتتى، ③
چاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

ئۇرۇمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
تۆمۈرنى ئېلىپ چىقسا،
ئاتمىش يەردە سوراق بار.
تۆمۈرنى ئېلىپ چىقىپ،
ئاتمىش يەردىن چاپتۇردى.
چىڭ ۋاڭ غوجام بىر پاشا،
جۇنجاڭنىمۇ④ تاپتۇردى.
يۇەنداشەيمۇ كەلگەندە،
تولا سوقتى داڭ داڭنى.
تاغچىلارمۇ ئەر ئىكەن،
تارتىپ ئالدى جۇنجاڭنى.

ئىزاھات:
① ئەلتۆمۈر — جاي ئىسمى
② چەندارىن — يۇەنداخۇانىڭ قومۇلدىكى قول چومىقى
③ ئويلاتتى — قاچۇردى
④ جونجاڭ — ھەربىي قۇرال — ياراق،

## قارا دۆۋىچى گۇلدەسخان ناخشىسى

شاماخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە قارادۆۋىدە بىر بەگنىڭ گۇلدەسخان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىز بەكرى ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بولسىمۇ دادىسى ئۇنىمىغان. ئاخىرى ئۇلار باشقا يۇرتقا قېچىپ بېرىپ توي قىلماقچى بولۇۋاتقاندا قىزنىڭ دادىسى ئارقىسىدىن قوغلۇشۇپ تۇتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالالمىغان. بۇ ناخشا شۇ ۋەقەدىن كېلىپ چىققان.

ئەگىل ئاخشام. ئاي چىقتى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سېنى ساقلاپ كۈن چىقتى،
ئاچ قوغىڭنى چوكان قىز.

مەن بۇ يەردىن كېتەرمەن،
مەنزىلىمگە يېتەرمەن.
مەنزىلىمگە يەتكىچە،
يارنى ئېلىپ كېتەرمەن.

قارا دۆۋىچى گۇلدەسخان،
بەكرى باي ئېلىپ قاچقان.
بەگ دادام تۇيۇپ قىلىپ،
ئارقىسىدىن قوغلاشقان.

## دازىگۇ سەرۋەڭ ئارا ناخشىسى

دازىگۇ — ئاراتۆرۈك ناھىيىسىنىڭ نېرىكىر دېگەن جايى بىلەن تۇركۈل ئوتتۇرىسىدىكى تۈز كەتكەن يايلاق بولۇپ، بۇ جاينىڭ ھاۋا كېلىماتى بەكمۇ ئۆزگىرىشچان، يازلىقى بىر كۈندىلا تۆت پەسىلنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىر پارچە بۇلۇت كەلسىلا يامغۇر ياكى قار ياغىدۇ. شۇرغان چىقىدۇ. شۇڭا بۇ ناخشىلار توقۇلغان:

دازىڭغۇ سەرۋەك ئارا،
تىزدا يېغىپتۇ قارلار.
بىزنىمۇ ياللاندىمىكىن،
ئارقىدا قالغان يارىلا.

## جەرەيىە (جەرەن يە) ناخشىسى

1930 — يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدا بىر تۇركۇم كىشىلەر موڭغۇلىيىنىڭ مىنگاڭ دېگەن يېرىدە 6 ئاي تۇرۇپ نۇرغۇن جەبرى جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. شۇ چاغلاردا ئۇلار كۆپرەك جەرەن (كىيىك) ئوۋلاپ جان باققان. شۇڭا بۇ ناخشا كېلىپ چىققان. تېكىستى مۇنداق:

ئالتاي ياتتۇق مىنگاڭدا،
سۆك — سۆك بىلەن ئوت قالاپ،
كۆزنىڭ خۇمۇرى ئاقتى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

ئەتىسى كۆچە ئىچىپ،
كۇندۇزلىرى قوماچ يەپ.
مىنگاڭلاردا ياتتۇق بىز،
جانلارغا پانا تىلەپ.

چۆلدىن جەرەن ئاتۇرمىز،
بىرنى بىرگە چاتۇرمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇساپىرنى خار كۆرمەڭ،
بەش كۈن، ئۈچ كۈن ياتۇرمىز.

نەقرات:
ياھۇ يارەي ياسەنچى،
بىلى ئۇزۇن بىرەنچى.
ئۆمۈرۈم ئۆتتى ئېرەنچى،
جەرەييەمۇ — جەرەييە.

## زىنداندىكى توختاخۇن ھەققىدىكى ناخشا

بۇ ناخشا بېشىرۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە خوتۇنتامدا① ئۇلتۇرۇشلۇق توختاخۇننىڭ تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلانغان ھەم زىنداندا ۋاپات بولغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەدىن كېيىن پەيدا بولغان ناخشىدۇر. يەنى ئۇنىڭ خوتۇنتام بېگىنىڭ ئوغلى توختاخۇننىڭ ئايالىغا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۆزى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەمنى توختاخۇن ئۆلتۈرۈپ قويىدى دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ. ئوردىمۇ بەگنىڭ گېپىنى ھەق قىلىپ توختاخۇننى زىندانغا تاشلايدۇ. كېيىن خەلق توختاخونغا ھېسداشلىق قىلىپ بۇ ناخشىنى ئېيتىدۇ:

زىنداندىكى توختاخۇن دەپ،
قىينىدىڭ مېنى.
قىينىساڭمۇ قىيناۋەرگىن،
گۇناھىڭ بولۇر.

ئاخىرەتتە سورىغىلى،
خۇدايىم بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇمۇل خەلقىنىڭ
# تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى



## قۇمۇل كىشىلىرى

قەدىمكى قۇمۇل كىشىلىرى ھەققىدە 3 مىڭ يىلغا يېقىن بولغان قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان ئادەم ئىسكىلىتلىرىگە قارىغاندا، بولۇپمۇ قۇمۇل كونا شەھەر ئەتراپىدىكى ئېچىلىپ قالغان قەدىمكى ئادەم جەسەتلىرىگە قارىغاندا باشلىرى يوغان، پاقالچەكلىرى ئۇزۇن — بويى ئېگىز، كۆشتۈڭگۈر كىشىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ھازىرقى قۇمۇل كىشىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەرلەر ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاراقاش، قوي كۆزلۈك، جۇغدۇن ئەمما مۇلايىم، غەيرەتلىك ئەمما يۇۋاش، چىدامىلىق ئەمما غەزىپى تاشقىن، راست سۆزلۈك، ئىتائەتچان، ئاق كۆڭۈل، نومۇسچان، مېھماندوست كېلىدۇ. ئاياللار ئاق يۈزلۈك، زىلۋا بويلۇق، قەلەم قاشلىق، قوي كۆزلۈك، سەمىمى، ساداقەتلىك، ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، ئەرلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئائىلە ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان، چىقىشقاق، مېھماندوست كېلىدۇ.

## قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئۆرپ — ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەر ئاياللىرى كاڭ ياكى گىلەمدە ئولتۇرغاندا بەدەشقىنىنى قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. مېھمانلار ياكى چوڭ ياشلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالدىدا ۋارقىراپ گەپ قىلىش، كېرىلىش، كىكىرىش، تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش، مەيدىلىرىنى ئېچىۋېتىش، يالاڭباش يۈرۈش، مىشقىرىش، تۈكۈرۈش قاتارلىقلار ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاتا – ئانىنىڭ بالا – چاقىسىنىڭ ئېغىرچىلىقىغا ھەمدەم بولماسلىق، قېرىنداشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم بەرمەسلىك، ئاغىنە، ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقماسلىق ۋاپاسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرۇق – تۇققان، ئەل – ئاغىنە، خولۇم خوشنىلىرى كېسەل بولسا يوقلاش، بالا تۇغسا يوقلاش، ئۆلۈم چىقارسا يوقلاش، خەتنە قىلسا يوقلاش ياخشى ئادەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. قېرىلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك، بالىلارغا كۆيۈنمەسلىك، ئاجىز – ئۇرۇقلارغا سەدىقە بەرمەسلىك، يېتىم – يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىماسلىق ئىنسانى بۇرچىنى ئادا قىلمىغانلىق ھېسابلىنىپ، خەلق ئىچىدە ئەيىبلىنىدۇ.

## ئۆي ۋە ئۆي جابدۇقلىرى

ئۆيلەر ئازادە سېلىنىپ، تاملىرىغا ئويۇق قىلىنىپ، تۆپىسى گۆسە (ئوخشاش تومۇلۇق، ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا كېسىلگەن ياغاچ) بىلەن يېپىلىدۇ. ئۆيگە كاڭ ياسىلىدۇ. بىر تېمىغا مورا قويۇلىدۇ. قىش كۈنلىرىدە كاڭ ئوچاق ئارقىلىق ئىسسىتىلىدۇ. كاڭغا گىلەم، كىگىز، تېكى ناۋات سېلىنىدۇ. تام ئويۇقلىدىغان ھەر خىل يوتقان، كۆرپە – بېشىغا قارا تۇتۇلۇپ، چىلتەك، كىمخاپلار، جىيەك قىلىنغان يوتقانلار، چۆرىسىگە قارا زىخ – زىخ تۇتۇلغان كۆرپىلەر، بېشىغا تورلۇك چاشما (كەشتە)

تىكىلگەن ياستۇقلار، چىرايلىق تىزىپ قويىلىدۇ. تاملارغا مىس پەتنۇسلار ئېسىپ قويىلىدۇ. مىس چىلاپچا، مىس ئاپتۇۋا، مىس چۆگۈن، مىس چاجۇش، مىس چەينەك، مىس كۇرە، مىس قازان، مىس چۆچەك، مىس پەتنۇس، مىس قوشۇق قاتارلىق مىستىن ياسالغان جابدۇقلار؛ ياغاچ تاۋاق، ياغاچ چۆچەك، ياغاچ تارتقۇ، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ ساپلىق، ياغاچ چويلا قاتارلىق ياغاچتىن ياسالغان جابدۇقلار؛ ئۇسسۇلۇق قاپاق، قاپاق چۆمۈچ، تۆمۈر ساندۇق، ياغاچ ساندۇق، لايدىن ياسالغان ئاشلىق ساقلايدىغان كۆندۈك قاتارلىقلار ئۆي جابدۇقلىرى ئىدى.

## قۇمۇل خەلقىنىڭ مېھماندوستلىقى

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇئامىلىسى سىلىق، سۆزلىرى يېقىملىق بولغانلىقتىن تاشقىرى ئالاھىدە مېھماندوست كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كۆرۈشكەندە ئەرلەر ئاۋۋال سالام بېرىدۇ. ئاندىن ئىككى قولىنى سۇنۇپ قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشكەندىن كېيىن يۈزلىرىنى سىپاپ، تىنچلىق — ئامانلىق سورىشىدۇ. ئۆي ئىچى، بالا ۋاقىلىرىنىڭ ئامانلىقىنى سورايدۇ. ئاياللار «تېچ قوندىلامۇ، ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن، خېنىم، قارى بالاملار تېچلىقمۇ» دېگەندەك يېقىملىق سۆزلەر بىلەن ھال — ئەھۋال سورىشىدۇ. ئۆزئارا مۇئامىلىدە چوڭلار سۆزلىسە، كىچىكلەر لوقما سالمايدۇ. كەلگەن مېھماننى مېھمانخانىغا، تۆرگە تەكلىپ قىلىدۇ. يىراق، يېقىندىن ئۇرۇق — تۇققان، ئەل — ئاغىنىلىرى ياكى تۇققانلىرىنىڭ تۇققىنى، ئەل — ئاغىنىسىنىڭ ئاغىنىسى كەلسە ئۆيگە مېھمانغا چاقىرىپ ئەڭ ياخشى تائاملار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن مېھمان قىلىدۇ. چوڭلار تۆردە كىچىكلەر ئاياق تەرەپتە ئولتۇرىشىدۇ. قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالىدۇ. ، تاماق ئۈستىگە مېھمان كەلسە «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دەپ ئالاھىدە خوشال بولۇپ كۈتۈۋالىدۇ.

## ئىسىم قويۇش

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۆيدە ياغ پۇرۇتۇپ پۇشكال سالىدۇ. يىگىت تەرەپمۇ پوشكال سېلىپ قىز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، بىر موللامنى چاقىرىپ ئىسىم قويۇش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاخونۇم تەرەت ئالغاندىن كېيىن بالىنى قولىغا ئېلىپ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىدۇ. ئاندىن ئاتا― ئانىسى كېلىشىپ قويغان ئىسىمنى ئۈنلۈك قىلىپ، ئاسماندىن چۈشكەن ئىسىملىرى x x x بولغاي دەپ ئېلان قىلىدۇ.

## قۇمۇلدىكى توي

ئەلچى ئەۋەتىش: بۇرۇندا قىز ― يىگىتلەر بىر بىرى بىلەن تونۇشمايلا ئاتا ― ئانىسىنىڭ رايى بويىچە توي قىلاتتى. ئالدى بىلەن يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا ― ئانىسى ئۆزلىرى لايىق كۆرگەن قىز تەرەپكە (قىزنىڭ ئاتا ― ئانىسىغا) ئەلچى ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ لايىق كۆرسە ئەلچى بىر نەچچە قېتىم بارغاندىن كېيىن يىگىتنى لايىق كۆرگەنلىكى ھەققىدە جاۋاپ بېرىدۇ. لايىق كۆرمىسە جاۋاپ بەرمەي ئەلچى زېرىككىچە ماڭدۇرىدۇ (بەرمەس قىزنىڭ قەرەلى قاتتىق دېگەن سۆز شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان)

ياكى بولمىسا باشتىلا «قىزىمىزنىڭ بوينىــــى باغلاقلىــــق»، «بىرسىنى لايىق كۆرۈپ قويغان» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. تويدا ئەلچى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بەدەل ئۆتكۈزۈش — قىز تەرەپ لايىق كۆرگەنلىكىنــــى ئېيتقاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە بەدەل ئۈچۈن بىر كىيىملىك رەخت ئېلىپ بارىدۇ. كېيىن توي پۈتۈشۈپ تويلۇق ئۆتكۈزگەندە بۇ رەخت تويلۇققا قوشۇلۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا توي بۇزۇلۇشۇپ كەتسە بەدەلمۇ قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

تويلۇق — تويلۇق ئاساسەن ئىقتىسادى ئەھۋالىغا قاراپ يا كۆپ، يا ئاز بولىدۇ. تويلۇققا ئاساسەن قوي، ئۇن، گۈرۈچ، ماي 9 پارچىدىن 7 پارچىغىچە كىيىملىك رەخت، بىر تاختا چاي، مېۋە — چېۋە پۇلى (مۆگە پۇلى) بېرىلىدۇ. توي كۈنــــى بېكىتىلىدۇ.

تويدىن بىر كۈن بۇرۇن ئەرلەرنى ئىككى ئەر كىشى، ئاياللارنى ئىككى ئايال، يىگىتلەرنى ئىككى يىگىت بېشى بىر ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تويغا چىللايدۇ (باغاق يازمايدۇ). ئۇلار مەھەللىــــمۇ مەھەللە، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۆزلىرىنى ئەتىكە x x x نىڭ ئۆيىــگە سىنچايغا تەكلىپ قىلىمىز، سىنچاي راسلىدۇق» دەيدۇ.

توي كۈنى يىگىت ئالاھىدە ياسىنىدۇ. پۇتىسىغا پىچاق — چاقماق ئاسىدۇ. پىچاق بېيجىڭ پىچىقى، ساپىغىدا پۈپۈكلىرى بار. پىچاقنىڭ غىلىپىمۇ زىننەتلەنگەن بولۇپ، غىلاپقا سېلىپ ئېسىۋالىدۇ. چاقماقنىڭمۇ زىننەتلەنگەن قاپچۇقى بار، قاپچۇققا سېلىپ ئېسىۋالىدۇ. پۇتىغا ئۆتۈك كىيىدۇ. قىز تەرەپ، يىگىت تەرەپ ئوخشاشلا تويىنىڭ تەييارلىقىنــــى يوتقان — كۆرپە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياستۇقتىن باشلايدۇ. يوتقان، كۆرپە، ياستۇقلار يېڭى رەختتىن، يېڭى پاختىدىن تىكىلىدۇ، يوتقانلارغا قارا، چىلتەك، چاشىملا (كەشتىلەر) تۇتۇلىدۇ. كۆرپىنىڭ ئەتراپىغا قارا زىخ — زىخ تۇتۇلىدۇ. يۇمۇلاق ياستۇقنىڭ بېشىغا كالاتۇندا ياكى تۇرلۇك يىپەك يىپلاردا چىرايلىق چاشىملار تىكىلىدۇ. ياستۇق كىمخاپ، تەيتۇللا، دۇخاۋا، تاۋارلاردىن ئىشلىنىدۇ. يوتقاننىڭ رەختىمۇ دوخاۋا، تاۋار، ياكى چاشما تىكىلگەن تاۋار، (ئىقتىسادى ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ) قىلىنىدۇ. ھەر قايسى تەرەپ ئەھۋالىغا قاراپ 2 دىن ياكى 4 دىن يوتقان — كۆرپە قىلىشىدۇ. (جوپ قىلىش شەرت)، يېڭى كىيىم — كېچەكلەر تىكتۇرۇلىدۇ.

توي — توي ئاساسەن 4 كۈن بولىدۇ. توينىڭ بىرىنچى كۈنى نىكاھ كۈنى بولۇپ، يىگىت تەرەپ مېھمانلىرى قىز تەرەپكە كېلىپ نىكاھ ئوقۇشقا قاتنىشىدۇ. يىگىتمۇ يىگىت بېشىنىڭ ھەمراھلىقىدا نۆرغۇن يىگىتلەر بىلەن قىز تەرەپكە نىكاھقا كېلىدۇ. بۇ چاغدا قىز تەرەپنىڭ قاۋۇل يىگىتلىرى ئىشىكنى قوللىرى بىلەن توسۇۋالىدۇ، يىگىت تەرەپ ياشلىرىمۇ كۈچلۈكرەكلىرىنى ئالدىغا سېلىپ قويىدۇ، ئىشىكتە بىر دەم كىرىش بىلەن كىرگۈزمەسلىك ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىش بولىدۇ. ئاخىرى يىگىتلەر كىرىپ كېتىدۇ. ئانچە — مۇنچە زىددىيەتتى بارلار يامانلىشىپمۇ قالىدۇ.

چاق ئېلىش — نىكاھ ئوقۇشتىن بۇرۇن ئاخۇنۇم ئالدى بىلەن يىگىتتىن توي رازىلىقىنى سورايدۇ. يىگىت رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن نىكاھ خەتمىسى ئوقۇلۇدۇ. ئاندىن شاكراپ سۇغا ناننى تەككۈزۈپ قىز ھەم يىگىتنىڭ تېتىپ كۆرۈشىگە بېرىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولىشىغا يىگىتلەر قايتماقچى بولغاندا

قىز تەرەپنىڭ ياشلىرى يوغان هارۋۇ چاقىنى ئىشىك ئالدىغا (يولغا) توختۇتۇپ يىگىتلەرنىڭ ئالدىنى توسايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ چاق ئېلىشىش كۆرشى باشلىنىدۇ. ئاخىرى يىگىت تەرەپ بىر ئاماللار قىلىپ چاقنى ئېلىۋالىدۇ هەم چاقنى يىگىت تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ ئىشىك ئالدىغا، ئېگىز بىر جايغا ئېسىپ قويىدۇ. بۇ چاق بىر نەچچە كۈنلەرگىچە تۇرىدۇ. كېيىن سۆيلە — سالا، رازىلىق ئېلىش بىلەن قىز تەرەپ ئېلىپ كېتىدۇ.

مېهمان كۈتۈش — چاق ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن يىگىتلەرنى يىگىتنىڭ ئاكىسى ياكى ئاچىسى ( ئۆي ئوچاقلىق بولغان بولسا) ۋە ياكى باشقا يېقىن تۇققانلىرى « چاچ چۈشۈرگە » دېگەن نام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ (« چاچ چۈشۈرگە ئايرىم يېزىلدى) .

نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن كەلگەن بارلىق ئەر جامائەتنى قىز تەرەپ مېهمان قىلىدۇ. مېهمانلارغا ئالدى بىلەن سىنچاي، قەن — گېزەك، نان بىلەن چاي، شوچا (گۆش، جاسا، ۋەنزە ۋە ئازراق سەي قوشۇپ شورپا بىلەن ئەتكەن تائام) كەلتۈرۈلىدۇ. شوچا بىلەن قاۋاماش، توڭگان چەلپەك، بوغۇرساق قويۇلىدۇ. بۇلار يېيىلىپ بولۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن قورمىلىق پولۇ كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 2 دىن 4 گىچە ئادەمنىڭ ئالدىغا بىردىن شىرە قويۇپ مېۋە — چىۋە كەلتۈرۈلىدۇ. قىشلىقى قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم، ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى، قوغۇن قېقى، ئالما قېقى، چىلان، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەرنى، يازلىقى ياكى كۈزلىكى توي بولسا يازلىق مېۋە — چىۋىلەرنى قويىدۇ. ئەرلەر قايتقاندىن كېيىن ئاياللار هەر بىرسى بىردىن داستىخان كۆتۈرۈپ (داستىخانغا بىر كىيىملىكتىن رەخت، توققۇز نان سېلىپ) سوۋغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئاياللارمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەرلەرگە ئوخشاش مېھمان بولۇپ قايتىشىدۇ. ئەر تەرەپ قۇدىغا قىز تەرەپ قۇدا توي يېمەكلىكلىرىدىن بىر داستىخان ئوراپ بېرىدۇ. يىگىت تەرەپ قۇدا قىز تەرەپ قۇدىغا مېھمانلارنى — ئەلە مەھەللە، ئەل — ئاغىنە، ئۇرۇق — تۇققانلارنى ئېلىپ بېرىشنى جىكىلەپ قويۇپ قايتىدۇ.

قىز كۆچۈرۈش قىزنى كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن يىگىت تەرەپتىن تۆت ئايال بەش ناننىڭ ئۈستىگە بىر دولا گۆشنى قويۇپ قىز تەرەپكە ئاش يەدۈرۈشكە بارىدۇ. بۇنداق قىلغانلىق بىرىنچىدىن قىزنى كۆچۈرۈشكە كېلىشتىن بىشارەت بېرىش، ئىككىنچىدىن، ئەتىگە قىز — يىگىتكە ئىسسىقلىق يەدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدىغان چۆچۈرىنىڭ تەييارلىقى ھېسابلىنىدۇ. تۆت ئايال كېلىپ داستىخاننى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە يىگىت تەرەپتىن چوڭ ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئاياللاردىن تۆتتىن سەككىزگىچە كىشى (بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولىدۇ) قىزنى كۆچۈرۈشكە كېلىدۇ. لېكىن قىز تەرەپ تېخى ئەتىگەنغۇ دەپ ئاسانلا بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەنلەرنى توققۇز قېتىم كېلىشكە قىستايدۇ. ئاخىرى قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەنلەر تالاغا چىقىپ، ياكى يېرىم يولغا بېرىپ قايتىپ كېلىپ ۋە ياكى شۇ ئەتراپتىكى تونۇش بىلىش، ئۇرۇق — تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە بىر دەم ئولتۇرۇپ يەنە قىز تەرەپكە تەزىمگە كىرىدۇ. ئاخىرى باش توخۇچىللاشقا يېقىن قىزنىڭ ئاتا — ئانا، ئۇرۇق — تۇغقانلىرى قىزنى ئېلىپ مېڭىشقا ئىجازەت بېرىپ دۇئا قىلىدۇ. قىزنى يەڭگىلىرى ئىككى قولتىغىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغاندا قىز ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ. ئاتا — ئانا قېرىنداشلىرىمۇ يىغلايدۇ. (ئەگەر قىز يىغلىمىسا قېلىن قىزكەن دەپ تىللايدۇ).

قىزنى ئېلىپ ماڭغىچە قىزغا تويى ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىقلار بوپلارغا چىگىلىپ ساندۇقلارغا سېلىنىپ تەييار بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرى كۆتىرىپ، هارۋۇغا سالىدۇ، قىزمۇ قىز تەرەپتىن تەييارلانغان هارۋۇغا چۈشىدۇ. يەنە قىزنىڭ ئانىسى يەڭگىلەرگە ئىككى تال قوزۇق، هوجرا ئۆيىگە تارتىش ئۈچۈن كۆشىگە، بولقا، بىر دانە سۈپۈرگە بىر مېتىر رەخت بېرىدۇ. قىز تەرەپتىن شۇ مەھەللىنىڭ چوڭلىرى، تۇققانلىرىدىن بىر نەچچە ئايال قوشۇلۇپ يولغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا مەھەللىدىكى بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ياشلار، ئۇرۇق — تۇققانلارنىڭ باللىرى ئاغامچا تۇتۇپ قىزنىڭ ئالدىنى توسايدۇ. ئۇلارغا پۇل ياكى بىرەر قوي، ئاشلىق بېرىپ رازى قىلىدۇ، ئۇلار يولنى ئېچىپ بېرىدۇ.

قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەنلەرگە كەچتە يىگىت تەرەپ بىر ۋاقلىق تاماق راسلايدۇ. قىز هوجرىغا كىرگەندىن كېيىن قىز ئولتۇرغان هەم ئورۇن سېلىنىدىغان تەرەپنى توساپ كۆشىگە سېلىنىدۇ. قىز يۇقىرى بۇلۇڭدا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن يوتقان سېلىش باشلىنىدۇ. (يوتقان سېلىش ئايرىم يېزىلدى) يوتقان سېلىپ بولغاندىن كېيىن يەڭگىلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ قولىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ هوجرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. قىز يەڭگىسىدىن بىرى يىگىتنىڭ ئاتا ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدۇ. ئەتىسى قىز — يىگىتنىڭ ئۇخلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن يەڭگە سەگەك بولىدۇ. هەم ئەتىگەندە كېلىنچەكنىڭ بويىنى سوغا سالدۇردۇ (يۇيۇندۇرىدۇ).

ئىسسىقلىق يىدۇرۇش — توينىڭ 2 — كۈنى ئەتىگەندە قىز تەرەپ يىگىت تەرەپكە، قىزنىڭ يەڭگىسى ئۆپكە — هېسىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۆچۈرە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆپكە پۈتۈن پېتى تاۋاقتا سېلىنىپ، ئۆپكىنى ئايلاندۇرۇپ ھېسسپ قويىلىدۇ. (بۇنى يېرىم ياتا قىلىشقا بولمايدۇ) بۇلارنى قىز يىگىتكە يىگۈزىدۇ ھەم قۇدىلارغىمۇ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

يۈز ئاچقۇلۇق — توينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە قىز تەرەپنىڭ ئەر جامائىتى يىگىت تەرەپكە كېلىدۇ. ئۇلارمۇ باشتىكىدەك مېھمان قىلىنغاندىن كېيىن، ئايال مېھمانلار كېلىدۇ قىزنىڭ ئانىسى ھوجرا ئۈچۈن بىر تاۋاق قويماق (قۇدىلارغىمۇ ئوخشاش)، يەنە قۇدىغا بىر كىيىملىك ئىسىل رەخت، ھوجرا ئۈچۈن چىنە، قاچا، تەخسە، تىۋەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئايال مېھمانلارمۇ ئوخشاش كۈتۈلگەندىن كېيىن قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش تەييارلىقى باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن قىزنىڭ كىيىمى يەڭگۈشلىنىدۇ. كۆپرەك، توي كۈنى ئاق كىيىم (ئاق كۆڭلەك، ئاق ئاياغ) كىيىدۇ. ئىككىنچى كۈنى قىزىل ياكى باشقا رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىدۇ. قىز چىرايلىق يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن بېشىغا ئۇزۇن بورتۇمشال سېلىپ يۈزىنى ياپىدۇ.

قىزنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن قىز نەرەپ يەڭگىلەر، قىز تەرەپ قىلغان ئەڭ چىرايلىق كۆرپىدىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ قىز ئولتۇرىدىغان جايغا (تۆرگە) سالىدۇ. قىزنىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئىككى يەڭگىسى تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. يەڭگىلەرمۇ ئىككى تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. ئاندىن قىزنىڭ ئالدىغا چىرايلىق شىرە قويۇلۇپ قىزغا سىنچاي تۇتىدۇ. قىز يەڭگىسىدىن بىرسى سىنچاينى ئېلىپ بورتۇمشال ئىچىدىن

قىزنىڭ ئاغزىغا تەككۈزۈپ، سىنچاينى قايتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئالدىغا قويىدىغان نەرسىلەرنى بىر بىرلەپ پەتنوسلارغا سېلىپ ئېلىپ كىرىدۇ. قىزنىڭ ئالدىغا قويىدىغان نەرسىلەر باشتىن باشلىنىدۇ. مەسىلەن: رومال، (چوڭ — كىچىك) كۆينەكلىك رەخت، ئاياق، پايپاق، ئوپا — ئەڭلىك، ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلىدۇ. قىز تەرەپ قۇدا، قۇدىسىنىڭ يېقىن تۇققانلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ رەخمەت ئېيتىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن يۈز ئاچقۇلۇق بېتلىرىنى ئېيتىشىش باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئېيتىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپ ئېيتىدۇ. بېيتلارنىڭ مەزمۇنى يىگىتنى، قىزنى، قۇدىلارنى ماختاش، باللارنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىنى تىلەش، بىر نەچچە پەرزەنت كۆرۈشنى ئۈمىت قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

چىللاشقۇ (توققۇزى)— توي بولۇپ توققۇز كۈندىن كېيىن قىز تەرەپ، قۇدىلىرىنى ۋە قىز — يىگىتنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ. ئەتىسى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئاساسەن قۇدىلار تونۇشۇش، سىردىشىش، كېيىنكى مۇناسىۋەتلەر ئۈچۈن ياخشىلىق ھولى سېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ توققۇزى ياكى چىللاشقۇ دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنچە، چىللاشقۇ توققۇز كۈندىن كېيىن قىلىنىدىغان ئادەت تويىنىڭ 3 — كۈنىلا قىلىنىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## يۇز ئاچقۇ بېيىتلىرىدىن نەمۇنىلار

يىگىت تەرەپ:

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
چۈمۈچ ساپتۇ چىرايلىق.
شۇنچە خەق ئارىسىدا،
ئىككى بالام چىرايلىق.

چىن تەخسىنى ئالدۇق،
ئالتۇن تىللانى سالدۇق.
چىرايلىقىنە شۇ بوغۇمنى،
ئۆز ئىلكىمىزگە ئالدۇق.

يېڭى باغنىڭ ئالمىسى،
گۈلسۈرۈقتەك سانچىلور.
خېنىم بالام ئۆيگە كەلدى،
ئۆيدە گۈللەر ئاچىلور.

تار ئېرىقنى ئاتلىدۇق،
كەڭ ئېرىقنى قاتلىدۇق.
شۇنچە قىزلار ئارىسىدىن،
خېنىم بالامنى تاللىدۇق.

ئوغۇل تۇغدۇم موللا ئالىم،

قىز تۇغۇلۇپلا تولۇن ئايىم.
كېچە — كۈندۈز تېلىۋىدۇق،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

لەيلى مەجنۇن تاللىرىدەك،
خېنىم بۇغۇمنىڭ بويلىرى.
كۆزىمىزگە تۇتىيادۇر،
يولدا باستان ئىزلىرى.

بازارلاردىن ئات ئالدۇق،
تۆت پۇتى ئالا.
مەلىمىزدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.

تال ئارىسىدىن تاللىۋالدۇق،
تالى چۆكەننى.
باغ ئاراسىدىن تاللىۋالدۇق،
سېرىق زەپەرنى.

سېرىق زەپەر، بىر دانە گۈل،
ئۈچ كۈن ئاچىلۇر.
ئىككى بالام بىر بولغاندا،
قات گۈل ئاچىلۇر.

كىچىككىنە باغچا ئىچىدە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر بېكەت ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



يېڭى ئۈنگەن گۈل ئانار،
شۇغىنە قارى بالامنىڭ
ھەر بويىدا گۈلى بار.

ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ،
قوينىدا كىتابى بار.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
ئاي يۈزىدە نۇرى بار.

قىز تەرەپ:
ئاققىنە ياغلىق ئىچىدە،
بىر تۈگۈن گۈل ساقلىدۇق.
گۈلنى ئېلىپ باشىمىزغا،
تاجى قىلىپ ساقلىدۇق.

بارچە خەقلەر كېلىۋىدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدۇق.
ھەممە خەقتىن ياخشى كۆردۈپ،
ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق.

ئېگىز — ئېگىز دەرەخلەر،
ئېگىلچان بولسا،
قىزىل، يېشىل يوپۇرماقى،
تۆكۈلچان بولسا.

بىر ياخشىغا بىر يامانني،
بۆيرىماس بولسا.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
ئايرىلماس بولسا.

بالام قىلسىلا گۈلدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە.
كىشى كۆرسە ئايدەككىنە،
خىزمەت قىلور ئەردەككىنە.

## چاچ چۇشۇرگە

قۇمۇلدا توي كۈنى (نىكاھ كۈنى) يىگىت تەرەپنىڭ ئاكىسى ياكى ھەدىسى بولمىسا يېقىن تۇققانلىرىدىن بىرسى يىگىتنىڭ چاچ چۇشۇرگىسىنى قىلىدۇ. ئەتىگەندە بىر توپ يىگىتلەر چىرايلىق كىيىنگەن ھالدا يىگىتنى ۋە يىگىتنىڭ قولدىشىنى (يىگىت بېشىنى) ئارىغا ئېلىپ قىز تەرەپكە نىكاھقا بارىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت ۋە يىگىتنىڭ ھەمراھلىرى يىگىتنىڭ چاچ چۇشۇرگىلىكىنى قىلىدىغان يېقىن تۇققۇنىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئۆي ئىگىسى گويا توي مۇشۇ ئۆيدە بولىۋاتقاندەك تەييارلىق قىلىدۇ. ئۆيلەر بىزەلگەن، داستىخانلار ناز — نېمەتلەرگە تولغان ھالدا يىگىتلەرنى كۈتىۋالىدۇ. قويۇق — سويۇق ئاشلار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر بىر شىرەگە توققۇز خىل مېۋە— چىۋە، توققۇز خىل سەي كەلتۈرۈلۈپ ھاراق — شاراپ ئىچىشىدۇ. ياش مۇقامچىلار سورۇن تۈزەپ داپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



غىجەكلىرىنى سازلاپ تەييارلىنىدۇ. كۆلكە چاقچاق ئىچىدە مەشرەپ باشلىنىدۇ. بۇ يىگىتلەر ئولتۇرۇشىغا قىزلار كىرمەيدۇ. (ئۆتمۈشتە شۇنداق ئىدى. ھازىر بۇ قائىدە بۇزۇلۇپ چاچ چۈشۈرگىلى مەشرىپىدە قىزلارمۇ ئولتۇرۇشىدىغان بولۇپ قالدى).

چاچ چۈشۈرۈش مەشرىپى ئاخىرلىشاي دېگەندە يىگىتنى ياساندۇرۇپ توكانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزىدۇ، ئاندىن قىزىقچى بىر يىگىت بوۋايچە ياسىنىپ، تاياق تايىنىپ، يېنىغا قاپاق ئېسىپ كىرىپ كېلىدۇ. تويى بولغان يىگىتنى ئايلىنىپ چېچىنى ئېۋەتكەن، چېچىنى چۈشۈرگەن، قىرقىشلاپ، پاكىزلىگەن ئىشلارنى ھەرىكەت بىلەن كامىدىيىلىك ھالدا ئويناپ چىقىدۇ. ھەتتا قىزىقچىلىق قىلىپ يىگىتنىڭ بېشىنى ئۇستىرا كېسىپ قويغانلىقىنى، قاننى توختۇتۇش ئۈچۈن پاختا كۆيدۇرۇپ باسقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ راسا بىر قىزىقچىلىق بولۇپ يىگىتلەر كۈلۈپ، تېلىقىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىتنى كەچ كىرگەندە قىزنى كۈتۈش ئۈچۈن ئۆز ھوجرىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

## توي كېچىسىدىكى يوتقان سېلىش

قىز ھوجرىغا كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن قىزنىڭ ئۇرۇق — تۇغقانلىرىدىن ئىككى ئايال (بىرلا قېتىم نىكاھلىنىق بولغان، يولدىشى ھەم بالىسى بولىشى كېرەك) ئەرنىڭ تۇققانلىرىدىن ئىككى ئايال ۋەكىل بولۇپ ھوجرىغا كېلىدۇ. (چاققان، بەسلىك، كوشتۇڭگو ئايالار تاللىنىدۇ) تۆت ئايال

بىر بىرىگە قارمۇ — قارشى هالدا تۆت بۇرجەكتە ئولتۇرىدۇ. بۇلار ئەۋۋەل بىر بىرسىگە «ئۆزلىرىدىن كەلسۇن دېسە، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن» دېيىشىپ بىر بىرسىگە ئورۇن — كۆرپە سېلىشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يىگىت تەرەپ كۆرپىنى ئېلىپ «بېشى باش، ئايىقى تاش بولسۇن» دەپ سالىدۇ، كۆرپىنىڭ تۆت پىشىدىن تۆت خوتۇن تۇتۇپ شامال كىرگۈزمەسلىك شەرتى بىلەن كۆرپىنىڭ تۆت بېشىنى تىزلىرىغا باسىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپ « توققۇز ئوغۇل بىر قىز ئاتا قىلسۇن» دەپ قىز تەرەپنىڭ كۆرپىسىنى ئېلىپ ھېلىقى كۆرپىنىڭ ئۈستىگە سالىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ تويلۇققا تىككەن كۆرپىلىرى سېلىنىپ تۆگىگەندىن كېيىن، يوتقانمۇ شۇ تەرىقىدە سېلىنىدۇ. ئاندىن ياستۇقلار قويۇلىدۇ. ياستۇققا ياپقۇچلار يېپىلىدۇ، تويغا ئىككى تەرەپ قانچە يوتقان — كۆرپە تىككەن بولسا شۇنچە يوتقان — كۆرپە بىرلا ئورۇن قىلىپ سېلىنىدۇ. يوتقان كۆرپىلەر سېلىنىپ بولغاندىن قىز تەرەپ يېڭى، بۇغۇلغان كۆركەم بىر سۇپۇرگىنى كۆرپىنىڭ ئاستىغا بېسىپ قويىدۇ. ئاندىن تويۇقسىز بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. بىر ئايال يانا بىر ئايالغا قاراپ ئېتىلىدۇ. سېلىنغان يوتقانلار ئۈستىدە ئىككى خوتۇن چېلىشىدۇ. قايسى يېڭىۋالسا ئەر - خوتۇننىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا، بۇ يېڭىش — يېڭىلىشنى سىمۋول قىلىشىدۇ. چېلىشىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن قىزنىڭ يېنىغا يىگىتنى ئېلىپ كېرىدۇ. قىز قولدىشى قىزنىڭ قولىنى يىگىتنىڭ قولى ئۈستىگە قويۇپ «ئامانەتنى تاپشۇرۇق» دەپ قويۇپ ھوجرىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



## ئىدەر (بۆشۈك تويى)

قىز بالا يەڭگىگەندە ئاتا — ئانىسىنىڭ ئۆيىدە 40 كۈن كۈتۈلىدۇ. بالا تۇغقان ئانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىدەر چىقىرىلىدۇ. ئىدەرنىڭ ئاساسلىق تەييارلىقى ئوغۇل تەرەپتىن بولىدۇ. ئىدەرگە ئۇرۇق — تۇغقان، خولۇم — خوشنىلار چاقىرىلىدۇ. بۇۋاقتا قىزنىڭ ئانىسى يىگىتنىڭ ئانىسى، ماملىرى چىرايلىق، خىلمۇ — خىل كىيىم، يوتقان، كۆرپە، ياستۇقلارنى تىكىشىدۇ. ئىدەر كۈنى ئەرلەر ئاۋۋال مېھمان بولۇپ ئوزايدۇ. ئەرلەردىن كېيىن ئاياللار كېلىدۇ. ئاياللار مېھمان بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى تەرەپتىن قىلىنغان بالا ھەم ئانا ئۈچۈن تەييارلانغان سەر پالار، (كىيىم كىچەكلەر) ئوتتۇرغا قويىلىدۇ. ئىدەرگە كەلگەن ئاياللار قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرشىدۇ. سەرپا كۆرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەگەر بۆشۈك تويى قىلىنغان بوۋاق ئوغۇل بولسا ئاياللارغا ئوپا، ئەڭلىك، سۇرمە، ئەينەك كەلتۈرۈلىدۇ. ئاياللار ئوغۇل بوۋاقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يۈزلىرىگە ئوپا — ئەڭلىك سۇرۇپ ياسىداق قىلىدۇ. كەچتە مەشرەپ بولىدۇ.

## سۈننەت توي (خەتنە)

ئوغۇل بالا 7 -6 ياشقا كەلگەندە خەتنە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە تىكىلىدۇ. سۈننەت توي ۋاڭلار دەۋرىدە، ۋاڭنىڭ جەمەتلىرى، نەۋرىلىرى، بەگ - خوجاملار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزۈلەتتى. پۇقرالارمۇ، سۈننەتنى كىچىك توي ھېسابلاپ ئەلە - مەھەللىنى، ئۇرۇق - تۇققان، خولۇم - خوشنىلارنى چاقىرىپ توي ئۆتكۈزىدۇ. ئەرلەر ئەتىگەندە، ئاياللار چۈشتىن كېيىن مېھمان بولۇپ تارقىشىدۇ. كەچتە بالا خەتنە قىلىنىدۇ. خەتنە ئاددى ئۇسۇلدا ئۇستۇرا ۋە كۆيدۈرۈلگەن پاختا بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، سۇماي سۈرۈلۈپ يارا ساقايتىلىدۇ.

## قۇمۇلدىكى كىشى لەقەملىرى ھەققىدە

قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە ئوردىنىڭ نوپۇس دەپتىرى، لەڭ، سېلىق يىغىش دەپتىرى، ھاشاغا ھەيدەش دەپتەرلىرى بولۇپ بۇنىڭغا تىزىملانغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا شۇ جەمەتنىڭ لەقىمى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمى ئاندىن شۇ كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلىپ تىزىملىنەتتى.

لەڭ - سېلىق، ئىجارە يىغىش، ھاشاغا ھايداش ۋە باشقا سۈرۈشتە قىلىنىدىغان ئىشلاردا شۇ كىشىنىڭ قايسى جەمەتتىن ئىكەنلىكىنى شۇ جەمەتنىڭ لەقىمى بىلەن ئېيتىپ تۇرۇپ سۈرۈشتە قىلاتتى. شۇڭا قۇمۇلدىكى ھەر بىر جەمەت كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com



لەقىمى بار. بۇ لەقەم شۇ بىر جەمەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ھۈنىرى ۋە ياكى شۇ كىشىنىڭ ئۆمرىدىكى بىرەر چوڭ ئالاھىدە ئەھۋالى، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىرەر ئالاھىدىلىكى ياكى شۇ كىشىنىڭ قىسمەن نۇقسانلىرى ئاساسىدا كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان. مەسىلەن: «چوقايلار»، «تۇرپاقلار»، «مانجۇلار»، «مارجانلار»، «پالگانلار»، «تۇلكىلەر»، «ئالتۇنچىلار»، «قايناقسۇلار»، «تەقمىلەر»، «كۆسۇ» دېگەنگە ئوخشاش ناھايىتى كۆپ لەقەملەر بار. بۇ لەقەملەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەرمۇ بار.

## قۇمۇلدا ئۆلۈم ئۇزۇتۇش

ئادەمنىڭ تىنىقى توختىغاندىن كېيىن ئېڭىكى باغلىنىپ، كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ پۇتىنىڭ بارماقلىرى چېتىلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىلىپ، ئاق كۆشىگە ئىچىگە ئېلىنىدۇ. ئەل - جامائەت كۆڭۈل سوراپ كىرىشكە باشلايدۇ. بىر مەھەللىلىك جامائەت، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىلەن ھەم مەسلىھەت بولۇپ مېيىتنى قاچان ئۇزۇتۇشنى بەلگىلەيدۇ. كۆپرەك ئۆلۈملەر ئەتىسى پېشىندىن كېيىن ئۇزۇتۇلىدۇ، ئۆلۈمنى ئېلىپ مېڭىشتىن بۇرۇن يۇيۇپ - تاراپ تاھارەت ئالدۇرىدۇ. ئاندىن ئاق ماتا ياكى ئاق خەسىدىن ئۈچ قەۋەت كېپەن كېيگۈزۈلىدۇ. يۇيۇپ تاھارەت ئالدۇرغۇچى ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىنىڭ بىر قۇر كىيىمى ياكى ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇل بېرىلىدۇ. ئۆلۈكنى يۇيۇۋاتقان مەزگىلدە بىر ئاخۇنۇم ئۆگزىگە چىقىپ، تۈگۈلۈكتىن ئۆلۈككە قاراپ، قۇرئان ئوقۇپ دەم

سالىدۇ. ئاخونۇمنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن ئىككى جوپ چىنا، ئىككى جوپ چەينەك، ياكى ئىككى جوپ تەخسە بېرىلىدۇ. ئۆلۈمگە كەلگەن جامائەتكە ئاق رەختىن قول ياغلىق، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا (ئاياللارغا) ئاق خەسىدىن باش ياغلىق تارقىتىپ بېرىلىدۇ. يەنە ئۆلگەن ئادەمنىڭ هايات ۋاقتىدا قازا قىلغان نامازلىرى ئۈچۈن پۈتۈن ئۆلۈكنى ئۈزۈتۈشقا تەييارلىغان ئىقتىسادىنىڭ $\frac{1}{3}$ نى، فىدىيەسالات، (ئىسقات) دەپ ئاجرىتىپ، پۇلنىڭ نىسبىتىنى قېزى بېگىم ئالغاندىن كېيىن قالغىنىنى جامائەتكە تارقىتىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۆلۈكنى تاۋۇتقا سېلىپ، تۆت كىشى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۆلگۈچى ئەر كىشى بولسا تاۋۇت ئۈستىگە ئايەت پۈتۈلگەن ئاق يېپىلىپ، سەللە تىكىلىدۇ. ئايال كىشى بولسا تاۋۇتبېشىغا چىرايلىق ئۈنچە باسقان ياكى چاشما تىكىلگەن دوپپا كىيگۈزۈلۈپ بور تۇمشال سېلىنىدۇ، تاۋۇت ئۈستىگە گۈللۈك يىپەك رەخت ياكى ئايەت پۈتۈلگەن رەخت يېپىلىدۇ.

ئۆلۈكنى ئېلىپ ماڭغۇچىلار ناماز جۇشۇرگىلىكى قىلىدىغان جايدا توختاپ ئۆلۈك نامىزى ئوقۇيدۇ. ئاخونۇمغا ئۆلگۈچىنىڭ ئەڭ ياخشى كىيىملىرىدىن (تون، پەرنجە) بىرىنى ئالدىغا قويۇپ دۇئا قىلدۇرىدۇ. ئۆلۈك لەهەت ئىچىگە قويۇلغاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئەڭ يېقىن ۋەلىسى (ئىگىسى) يەتتە كەتمەن توپا تارتىپ، ئاندىن باشقىلارغا كەتمەننى بېرىدۇ. باشقىلار كۆمۈدۇ. ئۈزۈتۈشقا چىققان جامائەتنىڭ هەممىسى «تابارەك» ئوقۇيدۇ. دۇئا قىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ هەممىسىگە پۇل تارقىتىپ بېرىدۇ. هەم جامائەتكە چىلان، ئۈزۈم، جىگدە قاق قاتارلىق مېۋىلەرنى چاشكا تۇتىدۇ. ئاندىن جامائەت يانا بىر قېتىم دۇئا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىدۇ. دۇئادىن كېيىن ئاخۇنۇم ئۆلگۈچىنىڭ ھەغدارلىرىنى چاقىرىپ ئۆلگۈچىنىڭ قالغان مال — مۈلكىنىڭ تەخمىناتىنى ئوغۇلغا پۈتۈن ئوق، قىزغا يېرىم ئوق ھېسابىدا ئېلان قىلىپ ئۆلۈكنىڭ ئالدىنى ئاچقان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈكئۈزۈتۈش ئاخىرلىشىدۇ. يەر بېشىغا ئايالالار چىقمايدۇ، پەقەت ئەرلەرلا چىقىدۇ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ھەغدارلىرى ماڭىدۇ. ئۆيدە ئايال ھەغدارلىرى ھازا ئاچىدۇ. مەھەللە — مەھەللە، يىراق - يېقىندىن ئاڭلىغانلار تۈركۈم - تۈركۈم بولۇپ كۆڭۈل سوراپ كېلىشىدۇ.

ئۆلۈك ئۈزۈتۈلۈپ ئۈچىنچى كۈنى ئۈچى نەزىرى بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەرلەرلا قاتنىشىدۇ. يەتتىنچى كۈنى يەتتە نەزىرى بولىدۇ، بۇ نەزىر ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەر - ئايال ھەممىسى كېلىشىدۇ. يېقىن تۇققانلىرى ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى بالا - چاقىسى ۋە ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ قارىسىنى يۈيىدۇ. (ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېڭى كىيىم كىيگۈزۈدۇ). قىرىقىنچى كۈنى قىرىق نەزىرى بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەرلەر قاتنىشىدۇ. يۈزىنچى كۈنى يۈز نەزىرى بېرىلىدۇ. يىلى توشقاندا يىل نەزىرى بېرىلىدۇ. بۇلارغا ئەرلەر قاتنىشىدۇ.

## قىزلارنىڭ زىننەتلىنىشى

قىزلار ئۈچ - تۆت ياشقا كىرگەندە قۇلىقىنى تېشىپ ھالقا سېلىپ قويىدۇ. 7 - 8 ياشلارغا كىرگەندىن تارتىپ، تويى بولغىچە چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ قويىدۇ. بېشىغا چىرايلىق چاشما تىكىلگەن دوپپىلارنى كىيىدۇ. قولىغا خىنە يېقىپ،

قاشلىرىغا ئۇسما قويىدۇ. بويىنىغا كەھرىۋا، سەدەپ قاتارلىق زىنورلارنى ئاسىدۇ. چىرايلىق قىزلارنىڭ بويىنىغا ئانىسى ياكى مومىسى كىشىلەرنىڭ تىلى تەگمىسۇن ئۇچۇن تىل تومارلارنى ئېسىپ قويىدۇ. قىزلار چوڭ بولۇپ 14 دىن ئاشقاندا نا مەھرەم ھېسابلىنىپ كوچىغا چىقسا يۈزىنى يېپىپ يۈرۈيدۇ. ئەرلەردىن قېچىپ ئۆزىنى يوشۇرىدۇ. كۆپۈنچە ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ.

## ئەر - ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى

دوپپا: ① ئۆرەبۆك - بۇ تەيتۇللا كىمخاپ، زەرباپلاردىن تىكىلىدۇ. ئالدىغا قاش، يېنىغا سەگۈنچەك تاقايدۇ. ② تەيتۇللا بۆك. بۇ بۆك تۆپىسى بىلەن كېزىكى ئايرىم، تۆت تالالىق بۆك بولۇپ، قولدا شىرىلىپ، قەغەز ياكى پاختادىن پىلتە تىقىپ ئىشلىنىدۇ. ئاستىغا قارا دۇخاۋا ياكى تاۋاردىن توقۇش تۇتىلىدۇ. تۆت تالاسىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن تۆت پارچە گۈل تاقىلىدۇ. توقۇشىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن جىيەك گۈل تۇتىلىدۇ. ③ چاشما دوپپا — ئالما ئۇرۇقى، يېشىل، كۆك، قارا دۇخاۋىلارغا ياكى شۇ خىل رەڭلەردىكى تاۋارلارغا چاشما تىكىپ دوپپا قىلىنىدۇ. بۇ خىل دوپپىنىڭ تۆپىسى ھەم كېزىكىنى كېسۋېلىپ ئاۋۋال گۈل ئويىقى چاپلىنىپ، چاشما تىكىلىدۇ. چاشما رەڭدار مەشۇت يىپتا، سىپتا، چىرايلىق تىكىلىدۇ. ئاندىن دوپپا تەيتۇللا دوپپىغا ئوخشاش قوندۇرۇلىدۇ. بۇ دوپپىنىڭ ئالدىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن موخازا، موخازىنىڭ

www.uyghurkitap.com



بىر تەرىپىگە يىپەك يىپتىن قىلىنغان پۆپۈك، بىر تەرىپىگە قىل قاش تاقىلىدۇ. توقۇشقا كالاتون يىپتا گۈل بېسىلىدۇ.
ئەرلەرمۇ قارا، كۆك دۇخاۋا ياكى تاۋارلاردىن چاشما تىكىپ ئىشلەنگەن دوپپىلارنى كىيىدۇ.

كىچىك باللار زەرباب تەقىي دۇخاۋا، تاۋاردىن تىكىلگەن تەقىي كىيىدۇ. قىشلىقى ناھايىتى چىرايلىق چىلتەكلەر تۇتۇلۇپ ئىشلەنگەن قولاقچا كىيىدۇ، تەقىيىنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن پۆپۈك تۇتىلىدۇ، قولاقچىنىڭ ئىككى قولاق تەرىپىگىمۇ ئۇزۇن پۆپۈك تۇتىلىدۇ.

ئايالچە چاپان ۋە كۆڭلەكلەر- ئاياللار ئىلگىرى چەكتىلىرى ھەم يەڭلىرىدە ماداخىللىرى بار، ئېتەك يوگويەن، چاشما يوگويەن، كىمخاپ يوگويەن، تەيتۇللا يوگويەن چاپانلارنى كىيەتتى. كۆپىنچىسى ئەستەرلىك تىكىلىدۇ. ئۇزۇن ھەم كەڭ بولىدۇ. قىشلىقى لىمچا (پاختىلىق ئۇزۇن چاپان) ئىككى يېنىدا چېكى بار چاپان كىيىدۇ. بۇ خىل چاپاننىڭ ئىچىگە كۆرپە، ياقىسى، چۆرىلىرىگە قاما ياكى كۆرپە تۇتىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. بۇنى كەمجەت چاپان دەيدۇ.

كۆڭلەكلەر كەڭ، ئۇزۇن تىكىلىدۇ. يەنە چاشما كۆڭلەك، ئىلمە كۆڭلەكلەرنىمۇ كىيىدۇ. بۇ خىل كۆڭلەكلەرنىڭ يەڭلىرى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. كەمبەغەلرەك كەلگەنلەر گۈللۈك ماتا- شاتاۋا، بۆز، خابولاردىن كىيىدۇ. كېيىنچە بۇ رەختلەرنىڭ ئورنىغا چاررۇسىيەدىن كىرگەن خىلمۇ- خىل چىتلار ئالماشتى.

ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى- ئاياللار چېچىنى سېكىلەك چىقىرىپ ئىككى تال ئۆرۈپ، ئىككى تەرەپكە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان ئۇزۇنچاق چىرايلىق چازىلارنى قىسىدۇ.

چېچىغا چاچ چاتقۇ، چاچ پۆپۈك تاقايدۇ. يەنى (قىزىل. يېشىل قارا يىپتا پوپۇك ياساپ چاچنىڭ ئۇچىنى ئۇزارتىپ تاقايدۇ).
چېچىغا يەنە جالا سالىدۇ. قۇلىقىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ھالقا سالىدۇ. ھالقىلار چاقلىق ھالقا، قوڭغۇراقلىق ھالقا، چېچەك ھالقا، مىخار ھالقا قاتارلىقلار. قولىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن بىلەيزۈك سالىدۇ. ئۈزۈكنىڭ كۆزلىرىدە ياقۇت، مەرۋايىت ياكى يېشىل چەش بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاياللار بېشىغا زوچودىن ئۇزۇن ياغلىق (لىچەك) سالىدۇ. لىچەك پۇتلىرىنى يېپىپ تۇرىدۇ. سىرتقا چىقسا لىچەك بىلەن يۈزىنى توساپ يۈرۈيدۇ، قولىغا زوچودىن ياكى تاۋارغا چاشما تىكىلگەن قول ياغلىق تۇتىدۇ. ئاياللار پۇتىغا لاتا پايپاق، لاتا ئاياق (پوپوش) كىيىدۇ. لاتا پايپاق تاۋار ياكى دۇخاۋىدىن بولۇپ، چاشما تىكىلىدۇ. ئاياق مەخمەل ياكى تاۋاردىن بولۇپ ئۇنىڭغىمۇ چاشما تىكىلىدۇ. ئاياقنىڭ ئاستى قاتۇرما ئۇلتاڭ ياكى ياغاچ ئۇلتاڭ قىلىنىدۇ. ياغاچ ئۇلتاڭ - شوينا ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بۇ خىل ياغاچ ئۇلتاڭنى بىر قانچە ئاياققا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

## ئەرەنچە كىيىم ۋە زىننەت بۇيۇملار

ئەرلەر ئىلگىرى ياقىسى قۇلىقىغا يېتىدىغان (ئېگىز ياقىلىق) پوزى چاپان (چامچا) كىيەتتى. بېلىگە بىر - ئىككى مېتر رەختە قاراپوتا باغلايتتى. پوتىسىغا پىچاق، چاقماق ئاساتتى، پىچاق كۆپۈنچە بېيجىڭ پىچىقى بولۇپ، ساپىقىدا پۆپۈكلىرى بار ئىدى. بۇ خىل پىچاقنىڭ غىلاپىمۇ كاتتا ئىشلەنگەن. پىچاقنى غىلاپقا سېلىپ پوتىسىنىڭ بىر تەرىپىگە

ئىبىسىۋالاتتى. چاقماقنىڭمۇ قاپچۇقى چىرايلىق زىننەتلەنگەن بولۇپ، يىپنىغا ئىبىسىۋالاتتى. پۇتىغا ئۆتۈك كىيەتتى. ئۆتۈك كۆپۈنچە كۆندىن تىكىلەتتى. شۇ دەۋرنىڭ ئىشچىلىرى بولۇپمۇ ھارۋىكەشلەر تۇگپۇر، ياماقلارنى سىلىۋىلىش ئۈچۈن پوتىسىغا چەندازا (پۇل قاپچۇقى) باغلايتتى. چەندازىنىڭ ئۈستىگە ئۈيدوزا (چەندازىنى يىپىپ تۇرىدىغان ياپقۇچ) ئاساتتى. بۇلارغا ناھايىتى چىرايلىق چاشما تىكىلەتتى. يەنە ئەرلەر تىزلاپچا كىيەتتى. پۇتىغا يازلىقى پاپۇش (چوخەي) كىيەتتى. قىرىلار، ئاخۇنلار، ئاساسەن، مەسە، كالاچ كىيەتتى. ئەرلەر كۆپۈنچە ھاۋارەڭ رەختە چامچا كىيىدۇ. بىلىگە پوتا باغلايدۇ. ياز كۈنلىرى پىشانىسىغاماڭلايچە كىيىدۇ. ماڭلايچە ئۈچى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ يەلپۈگۈچكە ئوخشاش تىكىلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ چاشما تىكىلىدۇ. يەنە ئەرلەرنىڭ ئىشتان بېغىمۇ ئالاھىدە ئىشلىنىپ چاشما تىكىلىدۇ. ئىشتان بېغىنىڭ ئۈچى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، مۇشۇ يېرىگە چىرايلىق چاشما تىكىپ قويىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئىشتان بېغى تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ.

# قومۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان
# سۆھبەت-بايرام ۋە دىنىي پائالىيەتلەر



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# روزا ھېيت

روزا تۇتۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىدىغان تۆت پەرزىنىڭ بىرسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ھەر يىلى بىر ئاي (رامزان ئېيىدا) روزا تۇتىدۇ. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال بىر ۋاخ، كەچتە كۈن پاتقاندىن كېيىن بىر ۋاخ تاماق يېيىلىدۇ. كۈندۈزى بىر نەرسە يېيىش مەنئىي قىلىنىدۇ. 30 كۈن روزا تۇتۇلغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن ھېيت بولىدۇ. بۇ روزا ھېيت دەپ ئاتىلىدۇ. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە بارلىق جامائەت ھېيتگاھقا يىغىلىپ ھېيت نامىزىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ يەردىن كېلىپ ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، مەھەللە جامائىتى بىر بىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەپ، ئۆيلەرگە كىرىپ ھېيتلىشىدۇ. ھېيتتىن بىر كۈن بۇرۇن ھارپا كۈن ھېسابلىنىپ، ئۆيلەردە پوشكال سېلىنىپ ياغ پۇرۇتۇلۇشتىن تاشقىرى، تۇپراق بېشى يوقلىنىدۇ. تۇپراق بېشىغا نان جۇپلەپ، نان ھەم پوشكال (چەلپەك) ئېلىپ چىقىپ، ئاخۇنلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھىغا دۇئا قىلىنىدۇ.

روزا ھېيتتا يەنە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆز ئارا بىربىرلىرىنى يوقلىشىدۇ. قىز - ئوغۇللار ئاتا - ئانىلىرىنى يوقلىشىدۇ، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ چامىسىغا قاراپ يېتىم - يېسىرلەرگە پىتىر بېرىدۇ. سودىگەرلەر مېلىنىڭ $\frac{1}{10}$ قىسمىنى زاكاتقا ئاجرىتىپ ئاجىز — ئورۇقلارغا بېرىدۇ.

روزا ھېيتتا، مەخسۇس بىر جايغا ئالاھىدە ناغراخانە

تىكىلىپ ناغرا، كاناي، سۇنەي چېلىنىدۇ. بۇ يەرگە يەنە ئاشخانىلار، سامساخانىلار، كاۋاپچىلار، ئۇششاق - چۈششەك نەرسە - كېرەك ساتىدىغان دۇكانلار قۇرۇلىدۇ. گازىر، پۇرچاق، دادۇر، ماتاڭ، يەل - يېمىشلەر سېتىلىدۇ.

روزا ھېيتتا كىيىمىنى يۇتكىمەيدىغان بىرمۇ ئادەم بولمايدۇ. ھەممىسى يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ ناغرا چېلىنغان جايغا توپلىشىدۇ. توپ — توپ بولۇشۇپ ئويۇن تاماشا قىلىنىدۇ. بىر تەرەپتە چېلىش، يەنە بىر تەرەپتە مەشرەپ قىزىيدۇ. يەنە قىزلار ئىلەڭگۈچ (ھەجەڭگە ئۇچۇش)، قىز يىگىتلەر شامال ئىلەڭگۈچ (شامال ھەجەڭگە ئۇچۇش)، ناغرا رىتىمىغا كەلتۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناش، موللاق ئېتىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ.

## قۇربان ھېيت

ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيى (ئىسلام كالىندارى بويىچە 12 — ئاي) نىڭ 10 — كۈنى، يەنە روزى ھېيتتىن ئىككى ئاي 10 كۈن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ بايرام كۈنى. قۇربان ھېيتتىن بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ھەج تاۋاپ قىلىشنى ئارزۇ قىلغان، شۇنىڭغا قۇربى يەتكەن مۇسۇلمانلار ھەج تاۋاپ قىلىشقا مەككىگە سەپەر قىلىدۇ. مەككىگە بارغانلار قۇربان ھېيت نامىزىنى شۇ يەردە ئوقۇپ ھەج تاۋاپ قىلىدۇ. قالغانلار ھېيت نامىزىنى ئۆز جايىدا ئۆتەيدۇ. قۇربان ھېيت نامىزىغا بارىدىغانلار ھېيتگاھقا بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىن بەش چامدامدا بىر تەكبىر ئېيتىپ ماڭىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېيت نامىزىغا بارماي ئۆيىدە قالغان ئاياللار، باللار ھېيت نامىزىدىن يانغىچە ئاغزىغا ھېچنەرسە سالماي روزا تۇتىدۇ. ھەتتا ئانىلار باللىرىغا ئەمچەكمۇ سالمايدۇ. نامازدىن يېنىپ ئەتىگەنلىك چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆي — ئۆيلەردە كىشى بېشىغا قاراپ مال سويىلىدۇ. قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار قۇربانلىق قىلىنىدۇ. مال سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قۇربانلىق مالنىڭ گۆشى بىر يولىلا قازانغا سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ. شورپىسىغا نەزىر ئاش (ئۇن نېپىز يېيىلىپ شورپىغا ئېزىلدۇرۇپ قىلىنغان ئاش) قىلىنىدۇ. جامائەت چاقىرىلىپ ھەر بىرسىنىڭ ئالدىغا بىر مۆچەدىن گۆش قويىلىدۇ. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىنىدۇ. باشقا پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى روزا ھېيتقا ئوخشاش بولىدۇ.

## رامزان ئېيتىش

روزا ئېيىنىڭ 15 — كۈنىدىن كېيىن كېچىسى بىر توپ ياشلار غېجەك تارتىپ، داپ چېلىپ رامزان ئېيتىدۇ. ئۇلار ئىشىك - ئىشىكلەرگە بېرىپ:

روزىنى ئونبەش تۇتۇپ كەلدۇق سىزگە،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ بىزگە.

روزىدا ئۆلتەرگىنىڭ كۆك ئالا قوي،
گۆشىنى ئۆزۈڭ يېسەڭ تۆشىنى قوي.

رامزان ئېيتىپ ـ ئېيتىپ ھارمايمىز،
ئالتە نان بەرمىگىچە يانمايمىز.

دېگەندەك قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ. كىشىلەر رامزان ئېيتقۇچىلارغا ئاشلىق، پۇل، نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى بېرىدۇ. روزىنىڭ ئون بەشىدىن كېيىن مەھەللە مەھەللىلەردە كېچىسى رامزان ئېيتىش باشلىنىپ روزا ئاخىرلاشقاندا توختايدۇ.

## نورۇز بايرىمى

بۇ ئەڭ قەدىمكى بايراملىرىمىزدىن بىرى بولۇپ «نەۋرۇز» پارسچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «يېڭى كۈن»، «يېڭى يىل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. نورۇز بايرىمى قەدىمدىن تارتىپ يىل بېشى (باھارغا) توغرا كەلگەن يەنى قەمەرىيە كالىندارى بويىچە يىلنىڭ بىرىنچى ئېيى (دەلۋە) باھارغا، يەنى كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭلەشكەن كۈنگە (مىلادى بويىچە 3 — ئاينىڭ 22 — كۈنگە) توغرا كېلىدۇ. قۇمۇلدىكى نورۇز بايرىمىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ـ كۆپرەك ۋاڭ، بەگ، خوجىلارنىڭ بۇ كۈننى خاتىرىلىشى ئالاھىدە بولغان. ئۇلار نورۇز بايرىمىدا كىيىم يۆتكەپ (يېڭى كىيىم تىكتۇرۇپ) بەزمە، مىلىسلارنى ئېلىپ باراتتى. بولۇپمۇ كىتاب مىلىسى، مۇشائىرىلەر ئۆتكۈزۈلەتتى.

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
ئايدەك ياساندى شۇ جۇكان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



..............................

دەپ باشلىنىدىغان خەلق قوشاقلىرىدىن نورۇز بايرىمى كىشىلەر ئۈچۈن خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان بىر كۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نورۇز بايرىمىنى كىشىلەر ئەڭ ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرى ھېسابلاپ شۇ كۈنى قىزلارغا ئەلچى كىرگۈزۈش، شۇ كۈندە توي كۈنىنى مەسلىھەت قىلىپ بېكىتىش ۋە باشقا ئۇمۇرلۇك ئىشلاردا نورۇز كۈنىدە مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

## نورۇز ھەققىدىكى قوشاقلار

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
قارلىغاچلار جۈپ كېلۇر.
گۈل - گىياھلار ئېچىلىپ،
ئەلگە شادلىق جۈپ كېلۇر.

قىش كېتىپ باھار كەلدى،
تۈن كېتىپ ناھار كەلدى.
ئەل خالايىق بەختىگە،
نورۇز مۇبارەك شاد كەلدى.

## بارات كېچىسى

بارات كېچىسى ھەر يىلى بارات ئېيىنىڭ 14 — كۈنى،

كېچىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ بىرسى. ئىسلام دىنى ئېتىقادى بويىچە ئېيتقاندا، بارات كېچىسى ئاللاتائاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە رەھمىتى ياغىدىغان، بەندىلەر شۇ كېچىسى ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە خۇدادىن تائەت - ئىبادەت قىلىپ نېمىنى تىلىسە شۇنى بېرىدىغان كېچە دېيىشىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار بۇ كېچىسى ئۇخلىماي تائەت - ئىبادەت قىلىدۇ. قاپاق كۆيدۈرۈپ، ئىسرىق سېلىپ، قوشاقلار ئېيتىشىدۇ.

## بارات قوشىقى

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ؟
بېشىڭ ياستۇق قويدۇڭلارمۇ؟
قەدرى بولۇر شۇبۇ كۈندە،
يامان ئىشنى قويدۇڭلارمۇ؟

باراتۇللا ھەبىبۇللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا

بارات ئامەت، ھايات ئامەت،

ئەجەپ ياغدى بۈگۈن رەھمەت،
ئىبەردىڭ سەن ياخشىلارنى
كېچىرگەيسەن بىزدەكلەرنى
باراتوللا، ھەبىبۇللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ؟

بىزگە پوشكال سالدىڭلارمۇ؟
بارات ئېيى ئۇلۇغ ئايدۇر،
ئويغاقلارغا جەننەت جايدۇر.
باراتۇللا، ھەبىبۇللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇمۇلنىڭ قول ھۈنەر سەنئىتى



ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



## زەرگەرچىلىك

قۇمۇلنىڭ زەرگەرچىلىكى بۇنىڭدىن 600 يىللار ئىلگىرىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قۇمۇلنىڭ هازىرقى كىشىلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىسى مۇمىت ئالتۇنچى دەپ تەرىپلىنىدۇ. مۇمىت ئالتۇنچىدىن باشلانغان زەرگەرچىلىك، ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغا قېلىپ، تاهازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئالتۇندىن هەرخىل هەيكەل، ئالتۇن قاداق، ئالتۇن قۇببە، ئالتۇن موخازا، ئالتۇن جىيەك، ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن چازا، ئالتۇن زىنۇر، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن هالقا، چاقلىق هالقا، مىخار هالقا، كۆزلۈك هالقا قاتارلىقلار ياسىلاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىمىن ئالتۇنچى، يۇسۇپ ئالتۇنچىلارنىڭ زەرگەرچىلىك هۈنىرى مۇمىت ئالتۇنچىنىڭ دەۋرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زەرگەرچىلىك هۈنىرىدۇر.

## ئالتۇن بوتىچاق هەققىدىكى رىۋايەت

مۇمىت ئالتۇنچى ياشىغان دەۋرلەردە مۆتىۋەر ئىسىملىك بۇتپەرەس بىر خوتۇن قۇمۇل شەهىرىنى سورىغان ئىكەن. بۇ خوتۇن مۇمىت ئالتۇنچىنىڭ ئۇستا زەرگەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئالتۇندىن بوتىچاق ياساپ بېرىشنىبۇيرۇپتۇ. مۇمىت ئالتۇنچى بارلىق هۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئالتۇندىن بوتىچاق ياساپتۇ. بىراق بوتىچاقنىڭ بويىنىنى هەر قانچە كەپشەرلىسىمۇ تۇتماپتۇ. مۆتىۋەر خوتۇن بوتىچاقنى چاپسانراق ياساپ،

پۈتكۈزۈشنى سۆيلەۋېرىپتۇ. مۆمىت ئالتۇنچى بوتىچاقنىڭ
بويىننى تۇتقۇزالماي تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا ئۆيگە بىر كىشى
كىرىپ كەپتۇ. ئۇ كىشى مۆمىت ئالتۇنچىدىن نېمە ئىش
قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. مۆمىت ئالتۇنچى ئۇ كىشىگە ئەھۋالنى
ئېيتىپتۇ. ھېلىقى كىشى يەردىن بىر چىمدىم توپىنى ئېلىپ
بوتىچاقنىڭ بويىنىغا سېپىپ، تۈكۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
كەپشەر تۇتۇپ بوتىچاق پۈتۈپتۇ. مۆڭدار خوتۇن بۇنى كۆرۈپ
ناھايىتى خوشال بوپتۇ ھەم قانداق تۇتقازغانلىقىنى سوراپتۇ.
مۆمىت ئالتۇنچى بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مۆڭدار خوتۇن
ھېلىقى كىشىنى نەدىن بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كېلىسەن دەپ
تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى ئۇ كىشىنى ئاستانىدىن تېپىپ كەپتۇ. ئۇ
كىشىنىڭ ئىسمى سۇلتان دانىشمەن خوجام ئىكەن. مۆڭدار
خوتۇن ئۇ كىشىدىن قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى
ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا
مۆڭدار خوتۇننىڭ بېشى تاز ئىكەن. مۆڭدار خوتۇن دەپتۇ:
«ئەگەر بېشىمدىن تۈك چىقارساڭ مەنمۇ سېنىڭ دىنىڭغا
كىرىمەن». ھېلىقى كىشى «بېشىڭنى شۇلتا بىلەن 40 كۈن
يۇساڭ تۈك چىقىدۇ» دەپتۇ. مۆڭدار خوتۇن 40 كۈن شۇلتا بىلەن
بېشىنى يۇغان ئىكەن. راست دېگەندەك بېشىدىن چاچ ئۆسۈپ
چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۆڭدار خوتۇن يوشۇرۇن ھالدا
ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ.

## قومۇلنىڭ قەغەز ئويۇقچىلىقى ۋە چاشما تىكىش سەنئىتى

قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەغەز ئويۇقچىلىق سەنئىتى ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش، ئەمگەك پائالىيەتلىرىنىڭ نامايەندىسى. ئويۇقچىلار قەغەزدىن تۈرلۈك گۈل نۇسخىلىرىنى، گۈل - گىياھلارنى، جان - جانىۋارلارنى ئويىدۇ. بەزىلىرى سىزىۋېلىپ ئويىدۇ، گايى بىرلىرى قەغەزنى پۈكلەپ سىزماي تۇرۇپلا ئويىدۇ. بۇ ئويۇقچىلىق چاشما (كەشتە) تىكىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئويۇلغان قەغەز ئويۇقنى رەختكە (دۇخاۋا، مەخمەل، تاۋارغا) چاپلىۋېلىپ چاشما تىكىدۇ. تىكىلىدىغان نەرسىلەر ئاساسەن، يۇمۇلاق ياستۇق بېشى، دوپپا، يوتقان قارىسى، چاي خالتا، ئاياللارنىڭ ئۇزۇن — قىسقا چاپانلىرى، رومال، پايپاق، ئاياغ (لاتا ئاياغ)، پوسما، تەقىي، كۆڭلەك، قولاقچا (بالىلارنىڭ)، بەلباغ، قولياغلىق، تۇمار، ھەميان، كىيىم ياپقۇچ، بۆشۈك جابدۇقلىرى، ئىشىك - دېرىزە پەردىلىرى، يۈك ياپقۇچ، يىڭنە ساچقۇچ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە چاشما تىكىلەتتى. بۇلاردىكى گۈللەر ئاساسەن چاشما گۈل، مودەنگۈل، نىلۇپەر گۈل، ئانارگۈل، ئانار، چىنەگۈل، مېيخۇاگۈل، قۇشۇ، توز، كېپىنەك، قۇشقاچ، بېلىق قاتارلىقلار بولۇپ، تىكىلىشى نەپىس، چىرايلىق، كۆركەم. تىكىدىغان يىپى مەشۇت ياكى يىپەك يىپ (چەتمە) بولۇپ رەڭلىرى ئىنتايىن چىرايلىق

تاللانغان بولىدۇ.

## ياغاچچىلىق

قۇمۇلدىكى ئوردا، مەسچىت، مەدرىس، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىدىكى ئىشىك، تۈنۈك (يان تۈنۈك، تۆۋە تۈنۈك)، پەنجىرلەر جولوقوۋۇق (چوڭ دەرۋازا)، جولوقوۋۇق ئۈستى راۋىقى، مەسچىت پەشتاقلىرى، ھېيتگاھ ئىچىگە ئورناتقان سىۋەتباش تۈۋرۈكلەر، قەدىمكى ئازنا مەسچىت (جۈمە مەسچىت) ئالدىدىكى گۈللۈك سىرلانغان تۆت قاناتلىق ئايلانما ئىشىك ۋە تۈرلۈك ئۆي جاھازلىرى قاتارلىقلاردىكى ياغاچچىلىق ھۈنىرى، ياغاچچىلىق ھۈنىرىدىكى نەپىس ياغاچ ئويمىچىلىق (تۈز ئويما، قاپارتما ئويما بىلەن ئىشلەنگەن تۈرلۈك گۈللەر) ھۈنىرىدىن قارىغاندا قۇمۇلدىكى ياغاچچىلىق ھۈنەر سەنئىتىنىڭ قەدىمىيلىككە، قۇمۇلغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ناھايىتىمۇ ئۇستا ياغاچچىلىق ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. ئابدۇلخاپىز ھاجى، نىياز ئاخۇن، چوڭ ئاخۇن قاتارلىقلار ئۇستا ياغاچچىلار ئىدى. ئۇلار ھارۋا، دېرىزە، دەھلىز، جولۇقوۋۇق، پەنجىر، ئاسما تاخاپەن قاتارلىقلارنى ياسايتتى. ئۇلارنىڭ ياسىغان پەنجىر، تۈنۈكلىرىگە تۆمۈر مىخ ئىشلەتمەي، ياغاچ مىخ بىلەنلا تۇتاشتۇرۇلاتتى. كېيىنچە ئىمىن ئۇستام قاتارلىق داڭلىق ياغاچچىلار يېتىشىپ چىقتى.

## تۆمۈرچىلىك ۋە قۇيمىچىلىق

تيانشان تېغىدىكى ئېدىر قەدىمكى خارابىلىكىدىن تۆمۈردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قويۇلغان ئىككى دانە ساپان چىشىنىڭ تېپىلىشىدىن قارىغاندا، قومۇلدا قويمىچىلىق خېلى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىلا باشلانغان. كېيىنكى ئۇرۇش يىللىرىدا، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇش يىللىرىدا ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساش خېلى تەرەققىي قىلغان. كېيىنچە تۆمۈرچىلىكتە ياسىلىدىغان نەرسىلەر تۆمۈر هارۋا، هەر خىل دېهقانچىلىق سايمانلىرى — كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق، ئات تاقىسى، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار: پالتا، لاخشىگىر، پىچاق ۋە باشقىلارنى ياسايتتى. قويمىچىلىقتا بولسا: ساپان چىشى، داخان، هاۋانچا، مەش قاتارلىقلارنى قوياتتى. ئۇ چاغلاردا تۆمۈر شەمەيدىن كەلتۈرۈلەتتى. تۆمۈرچىلىك قىلىشتا كۆمۈر بولمىغاچقا ئۆرۈك ئوتۇنى ئىشلىتىلەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى داڭلىق تۆمۈرچىلەر: يۈسۈپ تۆمۈرچى، مەمتىلى هاجى تۆمۈرچىلەر ئىدى. قويمىچىلاردىن قاۋۇز ياقۇپ ئاخۇن، كېيىنچە شاۋان ئاخۇن قاتارلىق ئۇستىلار يېتىشىپ چىققان.

## سىرچىلىق

سىرچىلىقتا — قومۇلدىكى سىرچى* ئۇستىلار، سىرنى ئۆزلىرى ياسايتتى. ئىچكىرىسىگە بارغان سودىگەرلەر سىر تېشى ئېلىپ چىقاتتى هەم سىرچىلارغا سېتىپ بېرەتتى. بۇ سىر تېشى هەر خىل رەڭدە بولۇپ، ئۇنى ئاۋۋال يانچىپ، ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا قارا يىلىم سۈيى بىلەن پىشقىنىنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسايدۇ، سىر يېغى ئۈچۈن خوما يېغىنى سۇس ئوتتا ئۇزاقىچە قايناتىپ سوغۇلدۇرۇپ سىر يېغى ياسايدۇ. بۇ ياغنى سىرنىڭ ئۈستىگە سۈرگەندىن كېيىن ناهايىتى

ئۇزاق يىللارغىچە سىرى چىقمايدۇ. گۈللىمۇ ئۆچمەيدۇ. ھېيتگاھ، جامە، مەسچىت، ئوردا ئۆيلىرىنىڭ ئۈستىگە ياپقان تاختايلارغا سىزغان گۈللەر ئەنە شۇ سىر بىلەن سىزىلغان. خوما مېيىدىن ياسالغان سىر يېغى بىلەن پەرداز بېرىلگەن. ئەنە شۇ چاغدىكى گۈللەر تا ھازىرغىچە ( 300 — 400 يىلغىچە) ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئابدۇراخمان، ئاخۇنبەگ قاتارلىقلار ناھايىتى ئۇستا سىرچىلار ئىدى. كېيىن ھاپىز ئاخۇن سىرچىلىقتا كامالەتكە يېتىپ سىرچى، ھاپىز ئاخۇن دەپ نام ئالغان. سىرچى ھاپىز ئاخۇن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سىرچىلىقىنى قىلغان ھەم كىشىلەرنىڭ ساندۇقلىرىغە، تاماخاپەنلىرىگە، ئاسما تاختا پەنلىرىگە تۈرلۈك گۈل - گىياھلارنى سىزىپ سىرچىلىقىنى قىلىپ بېرەتتى.

## تاشچىلىق

قۇمۇلنىڭ تاشكېسەر دېگەن جايىدىن بۆلۈ تېشى، تولۇق، ياغۇنچاق، تۈگمەن تېشى، تاش تارتما، ئۇردا ئالدىغا ياتقۇزغان گۈللۈك تاشلار، تۇۋرۇك تېشى چىقىدۇ. بۇلارنى ئاساسەن خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەر ياسايدۇ. يەنە ھاۋانچا، لانتا، ھور (كۆجە يانچىيدىغان نەرسە)لارنى ياسايدۇ بۇ يەردىن چىققان بۆلۈ تېشى ئەبەيدۇلا تارخانبەگ دەۋرىدىلا خانغا سوۋغا قىلىنغانىدى.

## كىگىزچىلىك

بۇرۇندا ئاق كىگىز، قارا كىگىز، تېكى ناۋات، كىگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



پاپپاق، پىيما قاتارلىق نەرسىلەرنى قومۇلدىكى كىگىزچىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياسايتتى. ئۇ چاغلاردىكى داڭلىق كىگىزچىلەر، بەرزۇ يۇسۇپ، بەرزۇرەمنىيازلار بولۇپ، بۇلار ئىشلەپچىققان كىگىزلەر قىلى تۆزىمايدىغان، چىدامىلىق ئىدى. كېيىنچە خوجا قولى ئەمەت، خوجا قولى يۇسۇپ قاتارلىقلار، كىگىزچىلىكتە يېتىشىپ چىقتى. ئاپپاق بوسۇق تېكى ناۋات ياساشقا بەك ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە خېرىدارلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى.

## توقۇمىچىلىق

قومۇل ۋاڭى دەۋرلىرىدە ھەممىلا كىشىنىڭ ئۆيىدە يىپ ئىگىرىدىغان چاق بار ئىدى. پاختىدىن يىپ ئىگىرەتتى. بىر قانچە جايلاردا بۆز توقۇيتتى. بۇلارنىڭ ئەڭ داڭلىقى چاڭغۇدىكى بۆكى چوڭ توختىنىڭ ئوغلى موللاخۇن ئىدى، موللاخۇن ئۇستا بۆرچى ئىدى، كىشىلەرنىڭ يىپلىرىنى جىڭداپ ئېلىپ، بۆزنىمۇ جىڭداپ بېرەتتى. ئۇنىڭ توقىغان بۆزلىرى داڭلىق بولۇپ بەك چىدامىلىق ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئاياللار چىت، باسما، شەلپەر قاتارلىق رەختلەردىن كۆڭلەك كىيەتتى ۋە بىر قىسىملار بۆزنى چاتقال پۆپىكى بىلەن بوياپ رەڭلىك بۆز قىلاتتى-دە، بۇنىڭدىنمۇ ئەرلەر كىيىم كىيەتتى.

## تىككۈچىلىك

بۇنىڭدىن 3200 يىل ئىلگىرى ياشىغان كىشىلەرنىڭ قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان كاتەكچە قىلىپ توقۇلغان يۇڭ

رەخت كىيىملەر، تېرە كىيىملەردىن قارىغاندا، تىككۈچىلىك ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا باشلانغان. كېيىن ۋاقىتلىق دەۋرلىرىدە ئوردا سەيپۇڭلىرى — ۋاڭغىلا كىيىم تىكەتتى. خېنىم ئاغچىلارنىڭ سەيپۇڭلىرى — ۋاڭنىڭ ئايالى، قىزلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىن بولغان خېنىملارغىلا تىكەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ خەلق ئىچىدە سەيپۇڭلىرى بولغان. ئۇ چاغلاردا تىكىلىدىغان كىيىملەرنى ۋاڭلارنىڭ مەنسەپ كىيىملىرىنى ئاساسەن خان تارتۇقلايتتى. ئادەتتە كىيىدىغانلىرىنى ئوردا سەيپۇڭى تىكەتتى. پەرىجە چاپان، كەمزۇل، پوزى چاپان قاتارلىق كىيىملەرنى، ۋاڭ نېمىنى بۇيرۇسا مەخسۇس سەيپۇڭلار تىكەتتى. شاماخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە مەڭلىك ئۇستام، ئىبراھىم بەگ قاتارلىقلار ئوردا سەيپۇڭى بولغان. ئىبراھىم بەگ شاماخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە شەمەيدىن بىر دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئېلىپ كەلگەن. كېيىنچە ئىبراھىم بەگ بازاردا دۇكان ئېچىپ، بىر قانچە شاگىرت ئېلىپ كىيىم تىكىش كارخانىسى قۇرغان. كېيىنكى يىللاردا يېڭىگا سەيپۇڭ، ئابدۇل ئۇستا، غاپپار ئۇستا، نور سەيپۇڭ قاتارلىق كىيىم تىكىش ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققان.

## بىناكارلىق

قۇمۇلدىكى ئۆز ۋاقتىدىكى تۆۋەن ئوردا، يۇقىرى ئوردا، ئارىتام ئوردىسى، باغداش ئوردىسى، جۈمە مەسچىت، كونا مەدرىس، يېڭى مەدرىس، ئوردا كەينىدىكى سۇمبۇلتۇق كۆۋرۈك، داۋانچىڭدىكى تاش كۆۋرۈك، ئالتۇنلۇقتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هېيتگاھ، چىنە گۇمبەز قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن قۇمۇلنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈۋالىمىز. چىنە گۇمبەز ئۇچۇن خىش ۋە كاھىشلارنى قۇمۇل ئۇستىلىرى ئۆزى پىشۇراتتى. خىشنى ئۇ چاغلاردا كۆمۈر بولمىغانلىقتىن يانتاق بىلەن پىشۇراتتى. كاھىشنى ئۆزلىرى قوغۇشۇن بىلەن مىسنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەپ چىقاتتى. تاملارنىڭ سۇۋاقلىرىنى بولسا پىشىقنىنى ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ، لىكەنىنىڭ پوغۇندىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ لاي ياساپ سۇۋايتتى. بۇ خىل سۇۋاشتا تامغا ھەر خىل گۈللەرنى چىقىرىشقا بولاتتى. مىمارچىلىق ئۇستىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەردىن يەنە بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھۈنەر ئۆگىنىپ كېلەتتى. كۆسۆسوپا، تېرىق سوپا، ئىسلام ئاخۇن قاتارلىقلار تامچى ھەم سۇۋاقچى ئىدى.

## ساپالچىلىق

قۇمۇلدىكى يان بۇلاق، قارا دۆۋىدىكى قارادۆڭ خارابىلىرىدىن رەڭلىك ساپال پارچىلىرى، بىر قولاقلىق ۋە ئىككى قولاقلىق رەڭلىك ساپال كوزىلار چىققان. يەنە باركۆلدىكى كۆيسو، ئارا تۆرۈكتىكى تۆركۆل، ئاداق، كارساڭ باركۆلدىكى شىرىنزى، قارادۆۋە، قىزىل چوققا قاتارلىق جايلاردىنمۇ يۇقىرىقىدەك ساپال پارچىلىرى چىققان. باغداش تېغىدىكى زەرەت كۆتەل دېگەن جايدىن ساپال پىشۇرۇلغان خۇمدانىنىڭ ئىزى تېپىلغان. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا بۇ ساپال پارچىلىرىنىڭ 4480 يىل ئىلگىرى بارلىققا كەلگەنلىكى ئىنىقلانغان.

# قۇمۇلدىكى مەدەنىي پائالىيەتلەر



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



## شاھماتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت

خېلى زامانلار بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. پادىشاھ ئۆزى ئادىل، ۋەزىرى ئاقىل، ئوغلى باتۇر ئىكەن. پادىشاھنىڭ دۆلىتى راسا روناق تېپىپ، مەمۇرچىلىق بولۇۋاتقان يىللاردا بۇ دۆلەتكە خىرىس قىلىۋاتقان بىر قوشنا دۆلەت تۇيۇقسىز ھۇجۇم ياساپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى لەكمىلىك — لەكمىلەپ چىقىپ ئۇرۇش قىلىسىمۇ، دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەپتۇ. ئاخىرى نۇرغۇن لەشكەرلىرى قىرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى بىلگەن پادىشاھ ئەقىللىق ۋەزىرى بىلەن، دۇنيالىقتا تاپقان بىرلا ئوغلىنى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشىنىپ ئۇرۇشقا سەركەردە بولۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئۇرۇشۇپتۇ، ئۇرۇشۇپتۇ، ئاخىرى پادىشاھنىڭ ئوغلى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قىلىپ ھالاك بوپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئاڭلاپ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. شۇڭا ئوغلىنىڭ ھالاك بولۇش جەريانىنى ۋەزىردىن قايتا - قايتا سوراپتۇ. ۋەزىر سۆزلىگەنسېرى پادىشاھ قايىل بولماپتۇ. قانائەت قىلماپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ «سىز گە مۇشۇ ئۈستەل ئۈستىدە ئوغلۇمنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئەقىللىق ۋەزىر بىر نەچچە كۈنلۈك مۆھلەت سوراپ چىقىپ كېتىپتۇ ھەم پادىشاھقا ئوغلىنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ شاھماتنى ياساپتۇ. ئاخىرى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ شاھماتنى يېيىپ، «پىل ئېيىن ئويۇنى» دېگەن يۇرۇشتە ئويناپ كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭدا 18 قېتىم يېڭىلىپ ئاخىرى قولغا چۈشۈپ قالغانلىق ئايان بوپتۇ. شۇندىلا پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئۇرۇشتا نۇرغۇن قېتىملار باتۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ 18 قېتىم

يېڭىلگەنلىكىگە، ئاخىرى ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ.
دېمەك، شاھمات ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققان ئىكەن.

## قۇمۇلدىكى شاھمات ماھىرلىرى ھەققىدە

قۇمۇلغا شاھمات ئويۇنى نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا كىرگەنىدى. شۇ دەۋرلەرنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد ئۇستىلىرىدىن كېيىن يەنە بىر قانچە ئەۋلاد ئۇستىلار ھەم شاگىرتلار ئۆتكەن، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يەنە بىر تۈركۈم شاھماتچىلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار تۆمۈرخان خوجا، شېرىپ ھاجى، يۇنۇس چوقاي قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ بىر قانچىلىغان شاگىرتلىرى يەنە نەچچە ئونلاپ تاماشىچىلىرى بار ئىدى.

تۆمۈرخان خوجىنىڭ مەخسۇس شاھمات ئويناش ئۆيى بار ئىدى. بۇ شاھماتخانىنىڭ تاملىرىغا نەقىشلىك ئەينەك جاھازلار ئېسىلغان بولۇپ، بۇلارغا شاھمات ھەققىدىكى سۆز - ئۇزۇندىلەر، شېئىرلار، بېيىت، قوشاقلار پۈتۈلگەنىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە، كەچتىن تاڭ ئاتقىچە شاھماتچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ داڭلىق پېشقەدەم شاھماتچىلىرىنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى كىشىلەر مۇنداق تەرىپلەشكەن: «بويلىرى ئېگىز، قامەتلىك، ئاپپاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن، ئۇستىگە ئېگىز ياقىلىق پوزى چاپان كىيىپ، بېلىگە قاراپوتا باغلىغان، تۇرقى ھەيۋەتلىك، پاكىز ھەم چىرايلىق كەلگەن بۇ كىشىلەر - شاھمات ئۇستىلىرى ئالدىغا كېلەتتى - دە، ئاۋۋال ئويۇن توختىتاتتى ... ئوبۇن تۈگىگەندە قوللىرىنى پاكىزە يۇيۇشۇپتەتتى ...»

ئۇ چاغلاردا شاھماتنى «سەترەنچ» دەپ ئاتايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



شاھماتچىلار شاھماتنى باشلاشتىن بۇرۇن «ئويۇن توختىتاتتى» ، يەنى يېڭىلىپ قالغانلار بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشى ياكى بىرەر ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىشى شەرت ئىدى. شۇڭا ئويۇندا يېڭىلىپ قالغانلاردىن بىر قىسىملىرى شاھماتنىڭ يېرىم تاختىسىنى قولىغا ئالاتتى - دە، قوشاق توقۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بېرەتتى.

ھەر كىشىكى ئوينىسا سەترەنچىنى،
ئۆزىگە تاپقۇسىدۇر ئۆز رەنجىنى.

x x x

ھەر كىشىكى مات بولسا ئىككى پىل بىلەن،
دەردى چىقمايدۇ ئىككى ئونبەش پىل بىلەن.

x x x

ئىككى مەردان ئوينىسا ئەي نازىران،
ئۆرگىتىپ تەربەتمىگەن ھەرگىز زىيان.

x x x

بەھەرنىماندا بولسا ئۆز ئويۇنىدىن كۆرەر،
بولمىسا دەشنەم ئېتىپ سەندىن كۆرەر.

دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن شېئىرلار شۇ دەۋرلەردە توقۇلغانىدى. شاھماتچىلار شاھمات ئويناپ بولۇپ، «ئەمدى

ئۇرۇشتىن قايتتۇق. ئىككى قولىمىز قانغا بويالدى. شۇڭا قوللىرىمىزنى پاكىز يۇيۇشىمىز كېرەك» دەپ قوللىرىنى پاكىز يۇيۇشاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە سوۋېتتىن كەلگەن كىشىلەر ئىچىدىكى ئۇستا شاھماتچىلارمۇ پات - پات كېلىپ تۆمۈرخان خوجا بىلەن شاھمات ئويناتتى. بىراق تۆمۈرخان خوجا ئۇلارنى يېڭىۋالاتتى. سوۋېتلىك شاھماتچىلار يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۆمۈرخان خوجىغا مۇكاپات بېرەتتى.

يەنە كېيىنكى يىللاردا شادى بەگ ھاجى، ئابلىمىت ھاجى، مەۋۇپ بەگ، يارى قارى قاتارلىقلار شاھمات ئويناشتا يېتىشىپ چىقتى. ئابلىمىت ھاجى ھەرەم سەپىرىدە بىر چەت ئەللىك ئۇستا شاھماتچى بىلەن شاھمات ئويناپ ئۇنى يېڭىپ قويغاندا تاماشا ئەھلى بۇ كىشىگە ھەيران قالغان ئىدى.

ئۇلاردىن كېيىن يېقىنقى يىللاردا تۆمۈرخان سوپام، شىر ياقۇپ ئاخۇن، ھاجى خوجا، گايىز يىمىت ئاخۇن، خان تۆرەم، مەمەتنىياز قاتارلىقلار ئۇستا شاھماتچىلار بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

## ئوغلاق تارتىشىش

قۇمۇلدا ئوغلاق تارتىشىش چېلىشىش پائالىيىتىگە ئوخشاشلا توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام، خۇشاللىق چوڭ يىغىلىشلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى.

ئوغلاق تارتىشىش ئات ئۈستىدە ئورۇنلىنىدىغان ئەڭ قەدىمكى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

ئوغلاق تارتىشىش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئاتاپ قويۇلغان ئوغلاقنىڭ باش ۋە پاقالچەكلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئۈچىيىنى بوغۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەييارلىغاندىن كېيىن، مۇسابىقىگە چۈشىدىغان چەۋەندازلار كەڭتاشا يايلاق ياكى كەڭ، تۈز مەيدانغا چۈشىدۇ. ئېتى يۈگۈرۈك چەۋەندازلار، ئاتنى چاپقۇزۇپ كېلىپ يەردىكى ئوغلاقنى ئېلىپ تېقىمىغا بېسىپ ئېلىپ قاچىدۇ. ئاندىن باشقىلار ئۇنى قوغلاپ تالىشىدۇ. بۇ مۇسابىقىدە ھېچكىممۇ بىر بىرسىگە يول قويۇشمايدۇ. ئوغلاق تارتىشىشتا ئۇتۇپ چىققانلارغا كالا سويۇپ، قوي سويۇپ ئالاھىدە زىياپەتلەر بېرىلىدۇ. يۇرت ئىچىدە ئاجايىپ خۇشاللىق تەنتەنىلەر قىلىنىپ بەزمە - مەشرەپلەر ئويۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇتۇپ چىققان چەۋەندازلار يەنە مال، كىيىملىك رەختلەر بىلەن تارتۇقلىنىدۇ.

## چېلىشىش

چېلىشىش — قارىمۇ - قارشىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان، يەكمۇ - يەك ئېلىشىدىغان، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، قىزىقارلىق، ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت پائالىيىتىدۇر. چېلىشىش قومۇلدا خېلى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا داۋام قىلىپ كەلگەن پائالىيەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئاساسەن ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈنلەردە مەھەللىلەر، يېزىلار، شەھەرلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ. چېلىشچىلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ بويى بەستلىك، غوللىرى كەڭ، پاقالچاق، بىلەك موسكۇللىرى يوغان، چىڭ، كۈچلۈك كېلىدۇ.

چېلىشىشتا ئاۋۋال كەڭرەك بولغان تۈز مەيدان تەييارلىنىدۇ. چېلىشىدىغان جايغا قۇم تۆكىلىدۇ. تاماشىبىنلار مەيداننى چۆرىدەپ ئۇ تەرەپ بۇ تەرەپ بولۇپ ئولتۇرىشىدۇ. ئاندىن چېلىشىش تەرتىپى بويىچە چېلىشىدىغان ئىككى زور مەيدانغا چۈشىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۈچ مېتىر رەختتىن پوتا باغلايدۇ. بۇ پوتىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇڭ پۇتىغا بىر قول پاتقىدەك

بوشلۇق قويۇپ باغلايدۇ. يەنە بىر ئۇچىنى بېلىگە چىـــرماپ باغلايدۇ. پۇتنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن قارىمۇ ـ قارشـــى تەرەپلەر سول قولى بىلەن پۇتنى، ئوڭ قولى بىلەن بەلنى تۇتۇپ چېلىشىشنى باشلايدۇ.

قۇمۇلنىڭ چېلىشىش پائالىيىتىگە قۇمۇل ۋاڭلىقى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. ھېيت ـ ئايەملەردە ۋاڭ — خوجىلارنىڭ توي — تۆكۈنلىرىدە ئالاھىدە چېلىشىش مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بارغان. قۇمۇلدا بەش شەھەر دەپ ئاتالغان قارادۆۋە، لاپچۇق، ئاستانە، توغۇچى قاتارلىق جايلاردىكى چېلىشچىلىقتا داڭقـــى چىققان زورلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، يېزا، شەھەرلەر ئارا، ئۆزئارا مۇسابىقىگە سالغان ھەم ئۇلارغا «كالا بېشى»، «قوي بېشى» مۇكاپاتلىرىنى بېرىپ، ئەل ئىچىدە خېلى زور تەنتەنىلەر پەيدا قىلغان.

قۇمۇلدا ھازىر «قىزىل پوتىلار» لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر جەمەت كىشىلەر بار. ئۆز ۋاقتىدا بۇ جەمەتنىڭ چوڭى ئۇستا چېلىشچى بولغاچقا، چېلىشتا ئۇتۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ ئۇنىڭغا قىزىل پوتا باغلىغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەمەتكە «قىزىل پوتىلار» دېگەن نام سىڭىـــپ قالغان. شۇ چاغلاردىكى (شاماخسۇت ۋاڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى) نامـــى چىققان چېلىشچىلاردىن قۇمۇل راھەتباغ يېزىســـــدا مەۋۇل قۇربان، ھىدايى ھاجى؛ پالۋانتۇرادا ياغاچ پىچاق تۇرسۇن؛ قارادۆۋىدە فۇقەت زاكىر، توختى زور، سالى زاكىر، قۇمۇل شەھەر ئىچىدە ئالتۇن سوپاخون قاتارلىق ئۇستا چېلىشچـــى پالۋانلار بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپاندا ئۆتكۈزگەن قىزىنىڭ تويىدا ئالتۇن سوپاخون تۇرپانلىق چېلىشچىلار بىلەن چېلىشىپ چېلىشتا غەلىبە قىلىپ، كالا بېشى مۇكاپات ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن سوپاخون تۇرپان ھەم قۇمۇل خەلقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىچىدە «زور» دەپ نام ئالغان.

كېيىنكى يىللاردا يۇقىرىقى چېلىشچى زورلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، يەنە بىر ئەۋلاد چېلىشچىلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلار شەھەر ئىچىدە ئەخمەت خوجى، لاپچۇقتىن ئوشۇر، قارا دۆۋىدىن تۆمۈر زاكىر قاتارلىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان يەنىمۇ ئۇمىدلىك چېلىشچىلار، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. ئۇلاردىن داۋۇت تاھىر قومۇلدا داڭقى چىققان چېلىشچى بولۇپ بىر قانچە قېتىملىق چېلىشىشتا غەلىبە قازىنىپ، كالا بېشى مۇكاپاتى ئالغان. خەلق ئۇنىڭ بېلىگە قىزىل پوتا باغلاپ، باشلىرىدا كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشقان.

# قوشۇلغان تېپىشماقلار



## قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى

قۇمۇلنىڭ شەرقى گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن، غەربى تۇرپان ۋىلايىتى بىلەن، جەنۇبى قۇملۇقلاردىن ھالقىپ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، شىمالى تەرىپى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىنى تيانشان تاغ تىزمىلىرى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ.

قۇمۇلنىڭ ئوتتۇرىچە كۆن نورى مەملىكەت بويىچە ئۇزۇن، بوران ئېغىزلىرىنىڭ بوران كۈچى شىنجاڭ بويىچە كۈچلۈك.

## قۇمۇلدىكى 12 تاغ، بەش شەھەر

قۇمۇلدا ئەسلىدە 12 تاغ، بەش شەھەر بار ئىدى. 12 تاغ — تاراتى، قوراي، ئېدىر، باغداش، خوتۇنتام، تال تېغى، باي، ئاراتۆرۈك، نوم، تۇركۇل، تاشار، نېرىنكىردىن ئىبارەت. بەش شەھەر — سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋىدىن ئىبارەت.

ھەر بىر تاغنى بىر دورغا باشقۇراتتى. شەھەرنى قېزى، قورماللار باشقۇراتتى.

## بۇرۇنقى قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى يېزىلارغا قاراشلىق كەنتلىرى

شەھەر ئەتراپى يېزىسى — ئاقيەر، قاراسۇ، سۇ بېشى، لەڭگەر، ئېزىنزىم، قاراڭلا، چاڭغو، دۆربەجىن. جەنۇبىي يېزا

— تۆۋەنئور، لاپچۇق، قارادۆۋە. غەربىي يېزا — سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى. شىمالىي يېزا — دۆربەجىن، باي، تاشار، تاراتى، تۆرۈك، نېرىن، قىزىلىيار، تۆمۈرتى، نېرىنكىر، تۇركۆل، تۇخۇلۇ، ئاداق، نوم، شوپول، خوتۇنتام، باغداش، ئېدىر. شەرقىي يېزا — قارامۇقچى ئەتراپى. شەھەر ئىچى — يېڭى شەھەر، كوناشەھەر.

## قۇمۇلنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى

قوغۇن قېقى، بۇغا مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى، توشقان تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، سۈلەيسۇن تېرىسى، ئاق سۆسەر تېرىسى، قۇمۇل كۆرپىسى، ئېيىق تېرىسى، يىلپىز تېرىسى، تۆگە يۇڭى، كىگىز، ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى قاتارلىقلار داڭلىق ئىدى.

## قۇمۇلنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قۇمۇلدا قۇياش ئېنېرگىيىسى مول بولۇپ، يىللىق كۈن چۈشۈش ۋاقتى، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئۇزۇن جاي. بۇ جاينىڭ تۆت پەسلى ئېنىق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. قۇمۇلنىڭ بۇ تەبىئىي شارائىتى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قوغۇن، تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

قۇمۇلنى ھەيۋەتلىك تەڭرى تاغلىرى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈپ ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل تەبىئىي مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن. تاغنىڭ شىمالىدىكى ئېگىز چوققىلار، ياپ - يېشىل قارىغايلار، بىپايان ئوتلاقلار، سىرلىق كۆللەر ئاجايىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قاتار كەتكەن تال ـ دەرەخلەر، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار، مەي باغلاپ پىشقان قوغۇن، تاۋۇز، مېۋىلەر جەنۇبىي دىيار مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

قۇمۇلدا ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى كۆپ. شىنجاڭدىكى داڭلىق 3 خىل ئاتنىڭ بىر خىلى باركۆلدىن چىقىدۇ. يەنە بۇ يەردە داڭلىق ئاق تۆگىمۇ بار. قۇمۇلنىڭ قوغۇنى دۇنياغا مەشھۇردۇر.

## قۇمۇلنىڭ كان بايلىقلىرى

ئالتۇن، كۆمۈر، مانگان، ۋولفرام، نىكېل، تىتان، ئوران، كۆمۈر، كىرىمنىي، خرۇستال، چىرىمتال، شور، ئېسىل قاشتېشى، مەرمەر تاش، دولومىت قاتارلىقلار.

قۇمۇل قاشتېشى خىلىنىڭ كۆپلىكى، سىلىقلىقى بىلەن ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېرىق قاشتېشى، ناپارمان قاشتېشى قاتارلىقلار ھەممىدىن ئېسىلدۇر.

## قۇمۇلنىڭ ئاھالە سانى

قۇمۇلنىڭ ئاھالىسىگە دائىر خاتىرىلەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقىسى مىلادى 630 — يىلى خاتىرىلەنگەن. شۇ چاغلاردا قۇمۇلدا 1332 ئائىلە 6788 ئادەم بولغانىدى. 713 — يىلدىن 741 — يىلىغىچە 1729 — ئائىلىگە كۆپەيگەن، 742 — يىلدىن 756 — يىلغىچە 2467 ئائىلە، 10 مىڭ 157 ئادەم بار دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە 40 نەچچە يىل خانلىق تالىشىش

ئۇرۇشلىرى بولغانلىقتىن قۇمۇل خەلقى يېغىلىق تۇپەيلىدىن يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گەنسۇ، شەنشى ۋە چاڭجياڭ، خۇبېي ۋادىلىرىغا، يۇننەن قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل كۆپ قېتىم تۇرپان خانلىقىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ، ئۈچ قېتىم گۇللىنىپ، ئۈچ قېتىم خاراپ بولغان ئىدى. خاراپ بولغان يىللاردا قۇمۇلدا 400 — 500 ئائىلىلىكلا ئادەم قالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 1251 ئائىلە 4568 ئادەم بولغان. 1736 — يىلدىن 1795 — يىلغىچە قۇمۇلنىڭ ئائىلىسى 1950 گە، ئادەم سانى 12 مىڭ 163 كە يەتكەن.

1766 — يىلى قۇمۇلدىن 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئىلىغا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن.

1766 — يىلدىن 1820 — يىلغىچە قۇمۇلدا 13 مىڭ 293 ئادەم بولغان.

1877 — يىلى بەييەنخو 2000 دىن ئارتۇق قۇمۇللۇق ئۇيغۇرنى ئېلىپ كەتكەن.

1880 — يىلى زوزوڭتاڭ قۇمۇلغا كەلگەندە قۇمۇلدا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇقلا ئادەم قالغان.

1891 — يىلى 6200 گە كۆپەيگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قۇمۇلدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ بولۇپ 13 مىڭ 15 ئادەم بولغان.

1926 — يىلى قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 18 مىڭ 330 كىشىگە يەتكەن.

## قۇمۇل قوغۇنى

قۇمۇل جوڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق قوغۇن ماكانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوغۇننىڭ تارىخى ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ. قۇمۇل قوغۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرى خانلىققا ئەۋەتىلىدىغان ئارتۇق بويۇملارنىڭ بىرى ئىدى. قۇمۇلدا مەخسۇس خانلىق قوغۇنى تېرىلىپ، قوغۇن قېقى قۇرۇتۇلاتتى، جاڭ يىڭ «غەربكە يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى»دە: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرىمدە، گەنسۇنىڭ شەندەن دېگەن يېرىگە كېلىپ، يول ئۈستىدە خانغا قوغۇن تارتۇق قىلىشقا ماڭغان ئاتلىق ئولاغلىق كارۋانلارنى ئۇچراتتىم، ئۇلار يۈزدىن، مىڭدىن بىر توپ بولۇپ مېڭىپتۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدا سېرىق رەخت بىلەن ئورالغان كىچىك خالتا بولۇپ، ئۇنىڭغا بىردىن قوغۇن سېلىنىۋاپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ئاتلىق ھارۋىلارنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ مېڭىپتۇ» دەپ يازغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ يىللىرىغا كەلگەندە خان يول يىراق بولغاچقا قوغۇن ئېلىپ كېلىشنىڭ ناھايىتى مۈشكۈللىكىنى بىلىپ، خانلىققا قوغۇن سوۋغا قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. قۇمۇلنىڭ تەبىئىي شارائىتى يەنى قۇمۇلنىڭ ئەتراپىنى چۆل - جەزىرە ئوراپ تۇرغاچقا، يىل بويى ھۆل - يېغىن ئاز بولۇپ، كېلىماتى قۇرغاق بولغاچقا ھەم تۇپرىقى يۇمشاق، قۇم تەركىبى كۆپ، يېرى ئانچە - مۇنچە شورلۇق بولغاچقا، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئالاھىدە، تاتلىق سۈپەتلىك بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

قۇمۇلدا تېرىلىدىغان قوغۇنلار، مەخسۇس خانغا سوۋغا قىلىنىدىغان جوس، تاۋاچى، يانبۇلاق ناملىق قوغۇنلاردىن باشقا، كۆكچى قوغۇن، سېرىق كۆكچى، يېشىل كۆكچى، بەشەكچى، مىژگان، كۇزلۇك كۆكچى، جاغدا قوغۇن قاتارلىقلار تېرىلاتتى. بۇيا بىلەن كۈچلىنەتتى.

## «قۇمۇل» ۋە «قوغۇن» ھەققىدىكى رىۋايەت

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، شىنجاڭنىڭ شەرقىي كانارىسىدا

توپ ـ تۇز كەتكەن بىپايان بىر زېمىن بار بولۇپ، ئۇنىڭ يەرلىرى مۇنبەت، سۇلىرى ئىلىقۇەك، ھاۋاسى ساپ ئىكەن.

بۇ زېمىننىڭ شىمالىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چەكسىز كەتكەن تاغلىرىدا بىپايان يايلاقلىرى، سان ـ ساناقسىز ئورمانلىرى بار بولۇپ، نەبىئىي بايلىقلىرى مول ئىكەن. بۇ جايلاردا قەدىم ـ قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى جامائەت ئاقساقىلىغا ئىتائەت قىلىپ ياشايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقدىر ئىلاھى جامائەت ئاقساقىلىنىڭ ئايالىغا ھامىلدارلىق نېسىپ بوپتۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتىمۇ خۇشال بولغان ئاقساقال جامائەتنى جەم قىلىپ، 3 كۈن توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقساقال ئۆز پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق، كۆزى تۆت بوپتۇ.

ھامىلىنىڭ ئاي كۈنى توشۇپ، ئاقساقال ئايالىنىڭ كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل يەرزەنت تۇغۇلۇپتۇ. قارىغىدەك بىرىسا ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاق غولىچىنى كەرگىنىچە يەرنى قوچاقلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئاتا ئۆز پەرزەنتىنىڭ بۇ ھالىدىن خۇشال ھەم ئۈمىدۋار بولۇپ، پەرزەنتىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلىتىنىڭ يۇزۇر بولىشىغا قول كۆتۈرۈپ ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئالار قىپتۇ. ئاندىن ئوغلىغا «قۇچىغۇن» دەپ، ئىسىم قويۇپتۇ.

ئاتىسىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بۇنداق ئىسىمنى قويۇشتىكى مۇددىئاسى «ئۇلۇغ ئەجدادلىرىڭ ياشىغان بۇ مۇقەددەس زېمىننى داۋاملىق چىڭ قوچاقلاپ مەھكەم ساقلىغىن» دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىكەن.

بۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك بوۋاقنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى ۋە ئاقساقالنىڭ بۇ بەخت ـ سائادىتىنى قۇتلاپ، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ جامائەتلەر كېلىپ تەبرىكلىشىپتۇ. چەكسىز شادلىققا چۆمگەن

www.uyghurkitap.com



ئاقساقال ئوغلى قۇچىغۇن ئۇچۇن زور داغ ـ دۇغا بىلەن بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ قۇچىغۇن مەكتەپ يېشىغا تولۇپتۇ. قارىسا ئۇ ناھايىتى زېرەك، غەيرەتلىك بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئاتىسى بالىسىنىڭ بۇ ھالىتىگە ئاساسەن ئۇنى زامان شارائىتىدىن ئاشۇرۇپ تەربىلەپتۇ. نەتىجىدە قۇچىغۇن تەڭداشسىز باتۇر، ئاقىل ۋە شىجائەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىلىپتۇ.

ئاتىسى ئۇزۇن ئۆتمەي تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. قۇچىغۇن ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەل ـ جائامەتنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىس بوپتۇ.

قۇچىغۇن ئاقساقاللىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە ئەلنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپتۇ. بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ، ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە يار ـ يۆلەكتە بولۇشۇپتۇ. زورلۇق ـ زومبۇلۇققا يول قويۇلماپتۇ. بۇ مۇقەددەس زېمىنگە زورلۇق قىلىپ باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملىرى تارمار قىلىنىپ، ئەجدادلارغا تاپشۇرغان بۇ مۇقەددەس زېمىن مەھكەم ساقلىنىپ قاپتۇ. قۇچىغۇن ئاقساقالنىڭ يېتەكچىلىكىدە چارۋىچىلىق راسا راۋاجلىنىپتۇ. قوتان ـ قوتان قويلار، ئات ـ تۆگە پادىلىرى پايانسىز يايلاقلارغا سىغماي قاپتۇ.

بۇ ئەلنىڭ بىساتى كېلىن، تۇرمۇشى پاراۋان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىقنى يىراق يۇرتلارغا سەپەر قىلىپ ئاندىن ئېلىپ كېلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇچىغۇن ئەلنىڭ غېمى بىلەن ئاشلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يىراق يۇرتقا سەپەر قىپتۇ. ئۇ بۇ قېتىم ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى ئالغاننىڭ سىرتىدا، ئاشلىقنى قانداق تېرىش، قانداق پەرۋىش قىلىش، قانداق يىغىش قاتارلىق

مەسىلىلەرنى ئۆگىنىپ قايتىپتۇ.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەلنىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ، تاغنىڭ جەنۇبىدا سوزۇلۇپ ياتقان پايانسىز تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئاشلىق تېرىپتۇ. ئۇنى پەرۋىش قىلىپ سۇغۇرۇپتۇ. كۈزدە يەردىن ئالغان ئاشلىقى ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەل - جامائەتنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، 2 — يىلى تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئاشلىق تېرىغۇچىلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ، ئۇلار تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلاپتۇ. ئادەم كۆپەيگەنلىكتىن بۇ تۈزلەڭلىك بىر يۇرتقا ئايلىنىپتۇ.

كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ بۇ جايغا ئىسىم قويماقچى بوپتۇ. ھەر كىم ھەر نېمە دەپ كۆرسىتىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاقساقال قۇچىغۇن سۆز قىلىپ: «بۇ جاي ئەسلى بىر باياۋان ئىدى، كۆپچىلىك تىرىشىپ ئىشلىگەچكە بىر يۇرتقا ئايلىنىپ، جامائەت نامايىتى تېز كۆپەيدى، شۇڭا بۇ جاينىڭ ئىسمىنى (قەۋمى مول) دەپ ئاتىساق قانداق؟» دەپتۇ. كۆپچىلىك بۇ ئىسمنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ ئىسمى «قەۋمى مول» دەپ ئاتىلىشقا باشلاپتۇ.

لېكىن يىللار ۋە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قەۋمى مول» دېگەن ئىسىم «قۇمۇل» غا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ يۇرتنىڭ نامى «قۇمۇل» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

ئاقساقال قۇچىغۇن قۇمۇل خەلقىغە باشچىلىق قىلىپ كېچە كۈندۈز ئەل تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئۇلارنى باي قىلىشنىڭ غېمىنى قىلىدىكەن. ئۇ داۋاملىق تۈردە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ چارە - تەدبىر ئىزلەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ زىرائەتلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



ئېتىزلىقنىڭ چەت ياقىسىدا بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئۇچرىتىپتۇ. قارىغىنىدەك بولسا، بۇ ئۆسۈملۈك ھەر تەرەپكە پەلەك تاشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ پەلەكلىرىدە توخۇ تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتا نۇرغۇن مېۋىلىرى تۇرغىدەك. ئۇ، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بىر تالنى ئۈزۈپ تېتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئالما تەمى بارلىقىنى سېزىپتۇ. قۇچىغۇن ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋېلىپ، كېيىنكى يىلى تېرىپ، ئوغۇتلاپ، سۇغۇرۇپ، پەرۋىش قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ مېۋىسى پىيالىدەك يوغۇرۇپتۇ. لېكىن ياۋا ئۆسكىنىگە قارىغاندا خەمكى ئازراق چۈشۈپتۇ. پىشقاندىن كېيىن يەپ باقسا ئەمدى قالتىس تاتلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئېقىپ چۈشكەن شىرنىلىرىنىڭ قولغا يېپىشقانلىقى بىلىنىپتۇ، قۇچىغۇن بۇ يېتىشتۈرۈلگەن مېۋىنى ئەل - جامائەتنىڭ تېتىپ كۆرۈشىگە سۇنۇپتۇ. بۇ مېۋىنى يەپ كۆرگەنلەر ئۇنىڭ تاتلىقلىقىغا قايىل ۋە مەمنۇن بولۇپ قۇچىغۇنغا ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىۋېلىپ كېيىنكى يىلى تېرىپ مېۋە ئاپتۇ. ھەممە كىشى بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولۇشۇپتۇ.

لېكىن قۇچىغۇن ئاقساقالنىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى بۇ مېۋىنىڭ كىچىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، دانىسىنى يوغارتىش ھەمدە مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن.

شۇڭا ئۇ بىر كۈنى مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئۆز كەسپىدە ئويغا چۆمگەن ھالدا ئولتۇرغاندا تاسادىپىي بىر مويسىپىت كىشى كىرىپ قاپتۇ.

قۇچىغۇن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مويسىپىت كىشىگە سالام بېرىپتۇ ۋە تۆرگە تەكلىپ قىلىپ ئىززەت - ئىكراملار قىلىپتۇ. ئاندىن ھېلىقى يېتىشتۈرگەن مېۋىسى بىلەن مېھمان قىپتۇ.

مويسىپىت كىشى قۇچىغۇن ئاقساقالنىڭ بۇ ھۆرمىتىدىن رازى ۋە مەمنۇن بولۇپ، بۇ مېۋىنىڭ ئۇرۇقىدىن يەتتە دانىنى

ئايرىپ ئالدىغا قويۇپ، قول كۆتىرىپ دۇئا قىلىپ: «مۇشۇ يەتتە دانە ئۇرۇق ساڭا ۋە سېنىڭ ئېلىڭگە بەرىكەت بولسۇن، بۇ يەتتە دانە ئۇرۇقنىڭ بىرى ياشانغانلارغا، بىرى ئوتتۇرا ياشلىقلارغا، بىرى ياشلارغا، بىرى دانىشمەن ئۆلىمالارغا، بىرى ئەمەلدار بەگلەرگە، بەرى مەستۇرە ـ ئايىملارغا، بىرى سەبىي بالىلارغا خاس بولغاي، بىلىملار ۋە ئاگاھ بولۇشلاركى، نىيىتىڭلار ساپ ۋە خالىس بولسۇن، ئۆزئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق، ئوچۇق قول، مېھماندوست بولغايسىلەر» دەپ يۈزىنى سىلاپ، ئۆيدىن چىقىپ غايىپ بوپتۇ.

قۇچغۇن ئاقساقال بۇ يەتتە دانە ئۇرۇقنى ئالاھىدە ساقلاپ قويۇپ، كېلەر يىلى ئەتىيازلىقى ئايرىم جايغا تېرىماقچى بولۇپتۇ. لېكىن ئۇرۇقلار ئاقساقالنىڭ تېرىشىغا ئىرادە بولماپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ھەر قانچە داۋالىسىمۇ بارغانچە ھالسىزلىنىپ ماجالى قالماپتۇ. ئۇ جامائەت باشلىرىنى چاقىرىپ مويسىپىت كىشىنىڭ نەسىھەتلىرىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشنى ۋەسىيەت قىپتۇ. ئاخىرى قۇچغۇن ئاقساقال كېسەلدىن شىپا تاپالماي تەقدىرگە تەن بېرىپ باقى ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. قۇمۇل خەلقى قۇچغۇن ئاقساقالنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ يىغلاپ قاخشاپتۇ.

قۇچغۇن ئاقساقالنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەن بولسىمۇ لېكىن، كىشىلەر شۇ چاققىچە بۇ مېۋىنى نېمە دەپ ئاتىشنى بىلەلمەپتۇ. جامائەت ئىچىدىن بىر قىسىملار چىقىپ بۇ مېۋىگە ئىسىم قويۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. كۆپچىلىك خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئىسىم قويۇش ئۈچۈن مەسلىھەتكە چۈشۈپتۇ. ھەر كىم ئويلىغىنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. مەسلىھەت ئۈچ كۈن داۋام قىلىپمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ. 4 — كۈنى جامائەت ئىچىدىن ياشانغان بىر كىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ مېۋە ئىلگىرى يوق ئىدى، بۇنى ئاقساقىلىمىز قوچىغون تېپىپ ئۆزلەشتۈرگەن ھەمدە ئەلگە ئۆچمەس تۆھپىلەر تەقدىم قىلغان. شۇڭا بۇ مېۋىنىڭ ئىسمىنى «قوچىغون» دەپ ئاتىساق، ئاقساقىلىمىزنىڭ نامى ئەۋلادلىرىمىزغا مەڭگۈ خاتىرە بولۇپ قالسا قانداق؟» دەپتۇ.

بۇ پىكىر كۆپچىلىككە تولىمۇ ياققانلىقتىن بۇ مېۋىنىڭ ئىسمىنى «قوچىغون» دەپ قويۇشۇپتۇ. يىللار ۋە زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن «قوچىغون» دېگەن ئىسىمدىكى «چ» ۋە «ى» ھەرپلىرى چۈشۈپ قېلىپ «قوغۇن» دەپ ئاتىلىشقا باشلاپتۇ.

بۇ يەردىكى جامائەت قوچىغون ئاقساقالنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مويسىپىت كىشى دۇئا قىلغان يەتتە دانە ئۇرۇقنى ئايرىم - ئايرىم تېرىغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن دېگەندەك يەتتە خىل قوغۇن چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بىرى بەشەك شېرىن بولۇپ ياشانغان بوۋاي - مومايلارغا، بىرى جاغدا قوغۇن بولۇپ، ئوتتۇرا ياشلىقلارغا، بىرى كۆكچى بولۇپ، ياشلارغا، بىرى شېكەر سۈيى بولۇپ، مەستۇرە ئايىملارغا، بىرى چارقوغۇن بولۇپ، ئەمەلدار-بەگلەرگە، بىرى پوستى پىياز بولۇپ، دانىشمەن - ئالىملارغا، بىرى چىلىگە بولۇپ، سەبىي بالىلارغا خاس ئىكەن.

بۇ قوغۇنلار شۇنداق يوغۇرۇپتىكى ئۇنىڭ بىردانىسىنى بىر ئادەم قۇچاقلاپ كۆتىرەلمەي قاپتۇ. تىلىپ يېگەن ئىكەن تاتلىقلىقىدىن تاماقلىرىدىن تاق كەتكۈزۈۋېتىپتۇ، كۆپچىلىك بۇھالدىن خۇشال بولۇپ، قوغۇنلۇققا كەلگەن كىشىلەرنى قوغۇن بىلەن مېھمان قىپتۇ. شۇندىن باشلاپ قوغۇنلۇققا كەلگەن كىشىلەرنى مېھمان قىلىش ئاممىۋى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىكەن.

بۇ چاغدا كىشىلەر ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپتۇ. بىر - بىرىگە زۇلۇم سالىدىغان ئىشلار زادىلا كۆرۈلمەپتۇ. ھەممە ئىشلار

قوچىغۇن ئاقساقال بار چاغدىكىدەك داۋام قىپتۇ.

قوغۇن مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى بىلەن كىشىلەر تۇرمۇشى ياخشىلانغانسېرى، كېيىنكى ئاقساقال - ئەمەلدارلارنىڭ كۆزى قىزىرىپ نىيىتى بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار خەلقتىن باج - خاراج ئېلىپ، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەلنىڭ ئۈستىدىكى يۇك ئېغىرلىغانچە قوغۇنلۇققا كەلگەن كىشىلەرنى مېھمان قىلماي قۇرۇق قايتۇرىدىغان بوپتۇ. ئەلدە ئۇچۇق قوللۇق مېھماندوستلۇق كۆتىرىلىپ كېتىپتۇ. ئاجىزلارغا ياردەم بېرىدىغان كىشى قالماي، ئەل ئىچىنى زورلۇق - زومبۇلۇق قاپلاپتۇ. مويسىپىت كىشىنىڭ نەسىھىتى، قوچىغۇن ئاقساقالنىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلدىن قاپتۇ.

جەمئىيەتنى پىتنە - پاسات قاپلىغانچە تېرىغان قوغۇنلار ئەسلىدىكى توخۇ تۇخۇمىدەك ھالىتىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

كىشىلەر بۇ ئەھۋالدىن تولىمۇ بىئارام بولۇپ، قوچىغۇننۇ ئاقساقالنى ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلەپتۇ.

كىشىلەر جەمئىيەتتىكى گۈزەل ئەنئەنىلەرنىڭ ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئورنىغا پىتنە پاسات، زورلۇق قاپلاپ كېتىشىنىڭ مەنبىئى يامان نىيەت بۇزۇق ئاقساقال-بەگلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپتۇ. ئاخىرى ھەممە كىشى ئىتتىپاقلىشىپ بۇزۇق بەگلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن خالىس خىزمەت قىلىدىغان، ساپ نىيەتلىك كىشىلەرنى بەگ سايلاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئەل ئىچىدە ئۇچۇق قوللۇق، سېخىيلىق، مېھماندوستلۇق، ئىناقلىق، ھەمكارلىق قايتىدىن ئەسلىگە كەپتۇ. تەڭرىنىڭ ئىزنى بىلەن ھېلىقى مويسىپىت كىشى بۇ ئەلنىڭ ھەققىدە غايىپ تۇرۇپ قول كۆتىرىپ ياخشى دۇئا قىلغان ئىكەن. قوغۇنلار قايتىدىن يوغۇرۇپ ھازىرقى ھالىتىگە كېلىپ توختاپتۇ.

## مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولونىڭ قۇمۇل قوغۇن قېقى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر ساياھەتچىسى ماركوپولو 13 — ئەسىرنىڭ 70 — يىللىرىدا دادىسى نىكرا، چوڭ دادىسى مافى بىلەن ئۆز يۇرتى ۋېنتسىيەدىن بولغا چىقىپ دەريا ۋادىلىرىنى كېزىپ، ئىران ئېگىزلىكى ۋە پامىر تېغىدىن ئۆتۈپ جۇڭگوغا كەلگەن. سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلغا چۈشۈپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە ئادەملىرىنىڭ خۇلق — مىجەزىنى تەپسىلىي يېزىپ قالدۇردى. ماركوپولو قۇمۇلدىن ئۆتكەن چاغلاردا قۇمۇل كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، چوڭ شەھەرلەردىن تەركىب تاپقان، مەدەنىيەت، ئىقتىسادتا يېتىشكەن، بۇددا ئەقىدىچىلىكى ئەۋج ئالغان بىر يۇرت ئىدى. قۇمۇل خەلقىنىڭ ئويۇن - تاماشىغا ئامراقلىقى، ناخشا - ئۇسسۇلدىكى ھېرىسمەنلىكى، ماركوپولونى قىزىقتۇرغانىدى. ماركوپولو بۇ چاغدا قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە قۇمۇل شەھىرىدىن بىر تاغار قوغۇن قېقى سېتىۋالدى. ماركوپولونىڭ دادىسى نىكراپولو ئوغلىنىڭ قوغۇن قېقىنى يەۋېتىپ ئۇنى ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن: «باغدادتا خورما يېگىنىڭدە ئۇنىمۇ مۇشۇنداق ماختىغانىدىڭ سالماقلىق بىلەن ئېيتىپ باقە، زادى خورما تاتلىقمىكەن، قوغۇن قېقىمۇ؟» دەپ سورىغاندا ماركوپولو قوغۇن قېقىنى چايناۋېتىپ: «باغداد خورمىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ تاتلىق خورما، قۇمۇل قوغۇن قېقى دۇنيا بويىچە ئەڭ تاتلىق قوغۇن قېقى، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەمى بار، ئادىللىق قىلىپ ئېيتقاندا خورمىمۇ تاتلىق، بىراق قوغۇن قېقىغا ئوخشاش شېرىن ئەمەس. شۇڭا قۇمۇل قوغۇن قېقىنى تاتلىق دەيمەن» دېگەنىدى. شۇ چاغدا مافى

كۈلۈپ تۇرۇپ ئىكراغا: «ماركو جۇڭگوغا ئامراق بولغانىدىكىن تەبىئىي ھالدا قوغۇن قېقىنى تاتلىق دەيدۇ - دە» دەپ چاقچاق قىلغان. ماركوپولو ئالدىراپ: «ياق، ياق، ئىشەنمىسەڭلار كۆپچىلىكتىن سوراپ بېقىڭلارچۇ» دېگەن. سەپەرداش سودىگەرلەر ماركوپولونىڭ شۇنچە ئەستايىدىللىقىنى كۆرۈپ، جىددى تۇستە گۇۋاھلىق بېرىپ، خورمىنىڭ قومۇل قوغۇن قېقىدەك تاتلىق ئەمەسلىكىنى، خورما قەنت دېيىلسە، قوغۇن قېقىنى ھەسەل دېيىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ماركوپولو شۇ چاغدا كۈلگىنىچە يانچۇقىدىن قوغۇن قېقىنى ئېلىپ، باشقىلارغا تەڭلەۋېتىپ تاغىسىغا مۇنداق دېگەن: «قوغۇن قېقى سانتۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ بۇنداق قوغۇن قېقى ھەر يىلى پايتەختكە ئېلىپ بېرىلىپ، پادىشاھقا سوۋغا قىلىنىدىكەن».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# قوبۇلدا تېرىلىدىغان زىرائەتلەر



## ئاشلىق، مايلىق دان

كۇزگى بۇغداي، يازغىسى بۇغداي، ئارپا، شال، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، تېرىق ، چۇژگۇن، قارا بۇغداي، يالىڭاچ ئارپا، كۆينەكلىك ئارپا، دادۇر، سېرىق ماش، كۆك پۇرچاق، يېشىل ماش، يېسى پۇرچاق، نوقوت، قىچا، زىغىر، زاراڭزا، كۇنجۇت، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار.

## قومۇلدىن چىقىدىغان مېۋىلەر

قوغۇن، تاۋۇز، چىلگە، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالۇچا، نەشپۈت، چىلان، جىگدە، ئانار، ياڭاق، ئۈزۈم، ئالما، خەشەك ئالما، جىنەستە، ئەنجۈر، ئۈجمە قاتارلىقلار.

## قومۇلدا تېرىلىدىغان كۆكتاتلار

سۇلۇق تۇرۇپ، قىزىل تۇرۇپ، كۆك تۇرۇپ، چامغۇر، سەۋزە، يېسىۋىلەك، كاپوستا، پالەك، بېدىيان، كەرەپشە، شاڭدوزا، يۇمغاقسۇت، كۇدە، چىڭسەي، سۇڭپىياز، باش پىياز، سامساق، كاۋا ( سەي كاۋىسى، مانتا كاۋىسى، مەككە كاۋا )شوخۇلا، پەدىگەن ياڭيۇ، قىزىلمۇچ (لازا) چەلەڭ، گۇللۇك سەي قاتارلىقلار تېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## قۇمۇلدا ئۆستۈرۈلىدىغان گۈل تۈرلىرى

ئەتىرگۈل، ئۈجمە گۈل، كاككۇك گۈل، جۇخار گۈل، چوغلۇق، چىنەگۈل، لەيلىگۈل، ياڭ مۇدەن، چاشماگۈل، مۇدەنگۈل، ھەشقىپىچەك، لەنخۇا گۈل، گۈلسۆسەر، نامازشام گۈلى، تاجىگۈل، خىنىگۈل، ئەپيۇنگۈل، نىلىپەرگۈل، مارجان گۈل قاتارلىقلار. ۋاڭنىڭ مەخسۇس نىلۇپەر گۈللۈك باغچىسى بار ئىدى.

## قۇمۇلدا ئۆستۈرىلىدىغان تال — دەرەخلەر

قارىغاي، شەمشاد، قارا ئارچا، قىزىل قېيىن، ئاق قېيىن، ئىرغاي، موڭغۇلىيە قارىغىيى، جىگدە، ئۈجمە، سۆگەت، ئاق ئاكاتسىيە، كاكالپا، زاراڭ، ئارچا، يۇلغۇن، توغراق، ياسىن، ياڭاق، ئاق سەگى تېرەك، تاغ تېرىكى، كۆك تېرەك، يۆگىمەچ سۆگەت، سىدە قاتارلىقلار ئۆستۈرىلىدۇ.

## قۇمۇلدىكى ياغ تارتىش

شەھەر ۋە يېزىلاردا جۇۋازخانىلار بار ئىدى. قۇمۇل شەھىرى سۇقوۋۇقىنىڭ سىرتىدا ۋاڭنىڭ بىر چوڭ يۇپاڭى بولۇپ، يىلىغا 12 15 — مىڭ جىڭ سۇ ماي تارتىلاتتى. ھەم خەلققە سېتىپ بېرىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بازار ئىچىدە «سەنيۇخاۋ» جۇۋازخانىسى بار ئىدى.

# صەرخىل دىنلارنىڭ قومۇلداكى تەسىرلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## تۆتېمىزمىنىڭ تەسىرى

ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە چوقۇنغان دىن «تۆتېمىزم» دۇر. «تۆتېم» دېگەن سۆز «بەلگە، نىشان» دېگەن بولىدۇ. ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بايراقلىرىغا بۆرىنىڭ بېشى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۆرىنى يول باشلىغۇچى سىمۋول سۈپىتىدە كۆرگەنىدى. ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئىچىدە «بۆرە تىلى ئۇچۇنغاننى (شامال تېگىش كېسىلىنى) كېسىدۇ» دېگەن ئۇقۇم بار. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ كىچىك باللارغا بۆرە تىلىنى كېسىپ، يىپەك رەختكە تىكىپ بويىنىغا تۇمار قىلىپ ئېسىپ قويىدىغان ئادەتلەر بار. بۇ ئەنە شۇ بۆرىگە چوقۇنىشتىن قالغان تەسىرلەردۇر.

## مانى دىنىنىڭ تەسىرى

مانى دىنى مىلادى 3 - ئەسىردە پېرسىيىدىكى سامانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇغۇلغان مانى (272 — 216) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. 763 — يىللىرى تاڭ سۇلالىسىدىن ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3 — ئەۋلاد خانى بۆكۈ قاغان (780 — 759) دەۋرىگە كەلگەندە چوقۇنۇشقا باشلىغان. مانى دىنى «يورۇقلۇق» ۋە «قاراڭغۇلۇق» دىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ ھەققىدىكى «يورۇقلۇق» دىنىدۇر. مانى دىنىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ساقىندىلىرى — مۇسۇلمانلارنىڭ ئاق شاپاق كىيىشى، ئۆلۈم — يىتىملەردىكى ئاق ياغلىق تۇتۇپ، ئاق قىيىق سېلىشلار، ئەرلەرنىڭ ئاق باغلاشلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. كۈن تۇتۇلغاندا، ئاي تۇتۇلغان چاغلاردا ئايەت

ئوقۇپ خۇدادىن ئامانلىق تىلەش مانى دىنىدىن قېپقالغان ئادەتلەردۇر.

## زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ تەسىرى

مىلادىنىڭ 520 — 600 — يىللىرىغا كەلگەندە زورو ئاستىر دېگەن ئادەم ئىجاد قىلغان ئاتەشپەرەسلىك دىنى «مازدا ئىزىم» يەنە بىر ئاتىلىشى — «زەردۇشىزم» دىنى كېلىپ چىقتى. بۇ دىن كېيىنچە سوغدىيانا رايونىدىن ئوتتۇرا ئاسىيىنىڭ شەرقىغە ۋە شەرقىي شىمالىغا تارقىلىشقا باشلاپ، قارا شەھەر ھەم ئىدىقۇت شەھەرلىرى ئارقىلىق ۋېي سۇلالىسىدىن چى، جۇ سۇلالىلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگوغا كىردى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قەشقەر، خوتەن، ئىۋىرغول، (قۇمۇل) دونخۇاڭ ئەتراپلىرىدىن تارتىپ تاكى چاڭئەن، لوياڭلارغىچە بۇ دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلدى.

زورو ئاستىر دىنىدا بىر خۇدالىققا مايىللىق بار بولۇپ، مۇخلىسلىرىنى ياخشىلىق خۇداسى تەرەپتە تۇرۇپ، ئىنسانلارغا زىيانلىق قىلغۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ دىنىنىڭ ھازىرقى تەسىرلىرى - كېسەلنى ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، قىز دۇرۇلغان كەتمەن بېسىش، قىز كۆچەرگەندە ئوت ئاتلىتىش ئىسرىق سېلىش قاتارلىقلار.

## شامانىزم

شامانىزم قەدىمكى غەربىي رايوندىكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرى. «شامان»- «پىرخان» (داخان) مەنىسىدە بولۇپ، دۇنيا — جەننەت، دوزاق، جىن — ئالۋاستىلاردىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن تەركىپ تاپقان ساما (ئاسمان) دا خۇدا -- تەڭرى، زېمىندا ئىنسان، دوزاقتا جىن — ئالۋاستىلار ياشايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان. روھىي كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلارنى داخانلارغا ئوقۇتۇپ پېرە ئوينۇتۇش شامان دىنىدىن قالغان ئادەتلەردۇر.

## خىرىستىيان دىنى

خىرىستىيان دىنى قۇمۇلغا ناھايىتى بۇرۇنلا كىرگەن بولسىمۇ، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، ئومۇملاشمىغان، قەدىمدە خىرىستىيان دىنىنى تارقاتقۇچىلار غەربتىن كەلگەن، كېيىنچە ئىچكىرىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ زور كۆلەمدە قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلىشىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن خىرىستىيان مۇرىتلىرى قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى ھازىرقى قاراڭغۇ بازاردا، ھازىرمۇ مەۋجۇت.

## بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى

بۇددا دىنى نېپال شاھزادىسى ساكيامۇنى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، تەسىرى ئەڭ كۆپ ھەم ئەڭ ئۇزۇن بولغان دىندۇر، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا مىلادىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىلا بۇددا دىنى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. كۆسەن، خوتەن، قەشقەر، قارا شەھەرلەردە 1 -- ئەسىردىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان. قۇمۇلدا بۇددا دىنى مەدەنىيىتىگە ئائىت

قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ قۇمۇلدا بۇددا دىنىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا قۇمۇلنىڭ توغۇچى يېزىسىنىڭ بۇگۇر دېگەن يېرىدىكى تېزاڭ مىڭ ئۆيلىرى بۇندىن 1700 يىل ئىلگىرىلا ياسالغان. بۇنىڭدىن باشقا، لاپچۇقنىڭ جاراڭ — جۇرۇڭ، مامىچى تۇرا، قالما، قازما قاتارلىق جايلاردىكى گۇللۇك كىمىرلەر، ئارىتام مىڭ ئۆيلىرى، لاپچۇق قارلۇق غول ئېغىدىكى بۇددادىنى ئىزلىرى، يالغۇز تۇيۇن، تۆمۈرتى قاتارلىق تاغلاردىكى بۇددا دىنى ئىزلىرىنىڭ خارابىلىرى مىسال بولالايدۇ. قۇمۇلدا ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ كەتكىچە بەزى مەھەللىلەردە بۇددا دىنىغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ساقلىنىپ تۇرغان.

## ئىسلام دىنى

قۇمۇلغا ئىسلام دىنى تەشۋىقى بىلەن كەلگەن دەسلەپكى كىشى مەۋلانە راشىدىن ئىدى. بۇ 1250 — يىللىرى بولۇپ، شەرق ئۇيغۇرلىرى بۇددىزمغا چوقۇنۇۋاتقان ۋاقىت بولغاچقا، كۆچ ئېلىشالماي قايتىپ كەتكەن. ئىككىنچى قېتىم كەلگىنى، — 1410 — 1408 يىللار بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا ئىدى. ئۇ تۇرپان، نوقسۇنلارنى ئىسلامىيەت ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، 60 مىڭ قوشۇن بىلەن قۇمۇلدا 3 يىل قانلىق جەڭ قىلىپ قۇمۇلنى ئىسلامىيەت ئاستىغا كىرگۈزىدۇ. خىزىر خوجا باركۆلدىكى 18 كۈنلۈك جەڭدە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ قەۋرىسى ھازىر تۇرپاننىڭ يەمشى دېگەن جايىدا. ئۈچىنچى قېتىم، ئىلى ھۆكۈمرانلىرى خوجا مۇھەممەت ئېلى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى باشلاپ بۇيرۇغى، مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېشى، يۈز بېشى، دېگەن ئۇنۋانلار بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە خوجا مۇھەممەت ئېلى باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەتكە ئېرىشىپ، قۇمۇلدا ئىسلامىيەتنى كېڭەيتىپ، ئىسلام دىنىنى تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ.

## چوڭ جامە — جۇمە مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئىسلامىيەتكە كۆچكەندىن كېيىن، ئەڭ بۇرۇن قۇمۇل كونا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ جامە — جۇمە مەسچىت بىنا قىلىنىدۇ.

بۇ مەسچىت خوجا مۇھەممەت ئېلى تەرىپىدىن ھىجرىيە 912 يىلى سالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ چوڭ جامە شەرىپىگە قاغۇم ئېرىقتىن 60 مو زېمىن ئاجرىتىلىپ 40 موسى ئىمامەتچىلىك ئۈچۈن، 20 موسى مەزىنلىك ئۈچۈن ۋەخپى قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ئارىدىن 285 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ماھىروي ئاپپاق ئىسىملىك بىر ئايال مەسچىتنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرىدۇ.

# قومولدىكى مازارلار



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئاق گۈمبەز مازىرى

ئورنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئۆرگەي مەھەللىسىدە. بۇ مازاردا ياتقان كىشىلەر سەيدۇللا غازى بىلەن بىبى ھەدىقە ۋە بىبى خەدىچە ئاغىچاملاردۇر. (باشقا ماتېرىياللاردا سەيدۇللا غازى، سېيىت غازى، خوجابدۇللا غازى دېيىلگەن).

## لىن مىڭتاڭ مازىرى

ئورنى شەھەر ئەتراپى يېزائەزىزىم مەھەللىسىدە، بۇ يەردە ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى كوفۇتاڭ ساباۋچىنىڭ بولۇپ، ئۇ لەنجۇدىكى لىن مىڭتاڭ مەزھىپىنىڭ باشلىقى مالىنىڭ تەرىپىدىن قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن. بۇ جاي لىن مىڭتاڭ مەزھىپىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان ئورنىدۇر.

## يالغۇز تويۇن مازىرى

ئورنى تاشۆيلۇق رايونى خوتۇنتام يېزىسىنىڭ يالغۇز تويۇن دېگەن يېرىدە. مازاردىكى ئابىدە تاشقا يېزىلغان ئىسمى نۇراخۇن. باشقا ماتېرىياللاردا يېزىلغان ئىسمى ئىلمى رەخمەت خەيربادۇسلام. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، نۇراخۇن 1592 — يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قۇمۇلنىڭ خوتۇنتام تەۋەسىگە كېلىپ، قالماقلار بىلەن بولغان ئورۇشتا شېھىت بولغان، جەسىتى تاغ ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان. 200 يىلدىن كېيىن 7 — ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر يالغۇز تويۇن مازار بىناسىنى تىكلىگەن.

## ئەللىك مازار

ئورنى قارادۆۋە يېزىسىنىڭ ئەللىك مەھەللىسىدە، رىۋايەتتە «ئەللىك» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا! ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىباتچىلىرىدىن 50 كىشى يىغىلىپ ھەپتە كۈن زىكرى - سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي ئەللىك دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان، دېيىلگەن.

بۇ مازاردا ياتقان زاتنىڭ ئىسمى سۇلتان ئەزىزۇللا.

## سۇلتان سەئىدلوك مازىرى

ئورنى قارادۆۋە يېزا لاپچۇقتا. ئىسمى سۇلتان سەئىد لوك ئاتا. رىۋايەتتە بۇ جاي ئاپپاق خوجىنىڭ بوۋىسى مىرسەئىد خېلىل قەشقەرى بىر قانچە يىللار دىنى ئەقىدىلەردىن مۇدەررىسلىك قىلغان ئۇلۇغ جايدۇر، دېيىلگەن.

## چاقاغا مازىرى

ئورنى قارادۆۋە يېزىسىنىڭ ئاق تېرەك دېگەن جايىدا. بۇ جايدا ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى ئېنىق ئەمەس، رىۋايەتتە بۇ مازاردا ياتقان كىشى ئايال، قارادۆۋە قارا ياغاچلىق مازاردا ياتقان سۇتۇق بۇغرا غازىنىڭ ئايالىدۇر، دېيىلگەن.

## ئابۇ نەسىردىن مازىرى

ئورنى قارا دۆۋە يېزا لاپچۇق مەھەللىسىنىڭ كونا شەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



دېگەن يېرىدە، ئەسلى ئىسمى ئابۇ نەسىردىن، لەقىمى خوجا شەھىد، يەنە بىرى سۇلتان بابا دا چىن ئاتا، ئوغلىنىڭ ئىسمى پەقىيە مۇھەممەت.

## ئۇلانبۇلاق مازىرى

ئورنى غەربىي تاغ يېزا ئۇلانبۇلاق كەنتىدە، ئىسمى مۇھەممەت يەھيا، بۇ كىشىنىڭ ئىككى مۇرتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھەسەن، يەنە بىرى ھۇسەيىندۇر، مىللىتى ئەرەب.

## دەرەخلىك خوجام مازىرى

ئورنى ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر دېگەن يېرىدە. بۇ مازاردا ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى ئەرشىدىن خان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ كىشى مىلادى 1051 — يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا كەلگەن يۈز ئادەمنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ زات قالماقلار بىلەن بولغان جەڭدە نېرىنكىر تەۋەسىدە شېھىت بولغان. 300 يىلدىن كېيىن شامەخسۇت ۋاڭ ئەرشىدىن خاننىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلدۇرۇپ، مازار بىناسىنى تىكلىگەن.

## قارا دۆۋە قاراياغاچلىق مازىرى

ئورنى قارا دۆۋە يېزا قارا ياغاچلىق مەھەللىسىدە. بۇ جاي 12 زاتنىڭ ياتقان ماكانىدۇر.

بۇ زاتلارنىڭ ئىسملىرى: خوجا ئەھمەد ۋەلى، خوجا ئىسمايىل زايىدىن، ئەرشىدىن ۋەلى، خوجا ھەسەن، خوجا

ھۈسەيىن، شەيخ ئەھمەت غەزال، سۇلتان ئەلا ئارپىن، خوجا مۇھەممەت سەئىد، خوجا مەنسۇر، خۇدايار شەيخ، بىبى مەريەم.

## خوجا بىغەم مازىرى

ئورنى قارا دۆۋە يېزا ئۇلۇغ يول مەھەللىسىدە. ئەسلى ئىسمى موللا ئابدۇللا ئىلى خوجا، يەنە بىر ئىسمى خوجا ئىسمايىل.

## مەۋلانە سەدىدىن ئەزىزى كاسانى مازىرى

ئورنى قارا دۆۋە يېزىسىدا، بۇخارادىن كەلگەن، يەنە بىرى شەيخ سۇلتان.

## قارا ياغاچلىق مازار

ئورنى ليۇشۇچۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ توغۇچى مەھەللىسىدە، ئەسلى ئىسمى مەۋلانە ئابدۇلمۇلۇكتۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە شەھىد سۇلتان ئابدۇلمۇلۇك دەپمۇ ئاتالغان.

## كۆچەتلىك مازار

ئورنى قارا دۆۋە كۆچەتلىك مەھەللىسىدە. ئەسلى ئىسمى ئىسمايىل قىسىر ۋگۇلچەرە ئەزىزىم، يەنە بىر ئىسمى سۇلتان لوك ئاتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئاستانە مازىرى

ئورنى ئاستانە يېزا كونشەھەر مەھەللىسىدە. ئەسلى ئىسمى سۇلتان ئابدۇ ئېلىم تۈركىستان. بەزىلەر بۇخارادىن كەلگەن دېيىشىدۇ، بەزىلەر بولسا ئىراندىن كەلگەن دېيىشىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ كىشى قۇمۇلغا ھەممىسىدىن بۇرۇن كېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ تۆگە مىنىپ ئاستانىدىن شەھەر ئىچىگە كەلگەن. كوچىلاردا بالىلارغا جىگدە چېچىپ بېرىپ ئىمان ئۆگەتكەن.

## بوغاز مازار

ئورنى بۇغاز يېزىسىدا. ئەسلى ئىسمى سۇلتان بۇرھانىدىن بولۇپ، كۆك توغراقلىق ئىچىدە ياتقانلىقى ئۈچۈن كۆك تۇغلۇق ئالىپ ئاتا دېگەن لەقەم بېرىلگەن.

## چاقماق بۇلاق مازىرى

ئورنى لىيۇشۇچۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ جىگدە كەنتىدە، ئەسلى ئىسمى شەيخ سەئىد.

## لەڭگەر مازار

ئورنى پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ لەڭگەر مەھەللىسىدە. لەڭگەر — پارىسچە سۆز بولۇپ، كارۋانلار قونۇپ، ئوت يېقىپ ئىز

قالدۇرغان جابنى لەڭگەر دەپ ئاتايدۇ. مازاردا ياتقان زاتلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى قىيامىددىن ئاتا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى غىياسىددىن ئاتادۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مازار 280 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مازاردا ئىككى پارچە ئابىدە تاش بار. بۇلارنىڭ بىرى پۈتۈن، يەنە بىرى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بۇزاتلارنى دۈشمەنلەر قوغلاپ كېلىۋاتقاندا، توگىسى ھېرىپ قېلىپ يېتىۋالغان. دۈشمەنلەر يېقىنلىشىپ قالغاندا، بۇ كىشىلەر دۇئا بىلەن توگىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. بۇ توگىنىڭ ئورنى ھېلىمۇ شەھەر ئىچى يېزا كۆتەمە مەھەللىدىكى توگە تاش باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بار. بۇ زاتلار بۇ يەردىن يۆتكىلىپ لەڭگەردە ماكانلاشقان.

## سۇمقاغا مازارى

ئورنى ئاستانە يېزىسىنىڭ سۇمقاغا مەھەللىسىدە. ئىسمى ئۇۋەيس ئەزىزنىيا ئىبراھىم ئەدھەم.

## سۇۋۇر نىياز مازىرى

ئورنى خوتۇنتام يېزىسىنىڭ ئىلىمتام دېگەن يېرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە.

قۇمۇلدا پەنجى نىياز خوجاملارغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن بەزى ئادەتلەر پەيدا بولۇپ رەسمىيەت بولۇپ قالغان: بالىسى تۇرمىغان كىشىلەر، يالغۇز ئوغۇل ياكى ئاغرىقچان بالىلارنىڭ ئاتا — ئانىلىرى پوشكال سېلىپ، نان جۈپلەپ، ئاتىغان سەدىقىلەرنى پەنجى نىياز خوجاملار ياتقان مازارغا ئاپىرىپ شەيخلەرگە دۇئا قىلدۇرۇپ، رەسمىيەت بويىچە بالىسىنىڭ ئىسمىنى نىياز دېگەن

ئىسمىغا ئۆزگەرتىدۇ. بالىسىنىڭ بېشىغە كىچىككىنە چاچ قويدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ چاچ ئۆسكەندىن كېيىن ئۇنى ئۈرۈپ قويىدۇ. بالىلارنىڭ چىن تۆمۈردەك كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىپ سۇۋۇر نىياز، بوسۇقنىياز، كۆسۈي نىياز، تۆمۈرنىيازغا ئوخشاش مەنىلىك ئىسىملارنى قويىدۇ.

بالا يەتتە ياشقا تولغاندىن كېيىن، شۇ مازارغا ئېلىپ بېرىپ رەسمىيەت بويىچە ئۆرۈمە چېچىنى ئالدۇرۇپ تاشلايدۇ.

##ساراي مازىرى

ئورنى شەھەر ئىچى ئورداخىي مەھەللىسىدە، رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، بۇ جاي ئاپپاق خوجىنىڭ تۇغۇلغان جايىدۇر. ئوردا خىينىڭ ساراي مازىرى خانىقاسىدا 1930 — يىلىغا قەدەر ئاسىم ئاخۇنۇم، ئابدۇرېشىت خەلپە ھامىلار باشچىلىقىدا زىكرى — خۇمسىتلەر بولۇپ كەلگەن.

## خوجا نىياز مەسچىت مازىرى

ئورنى شەھەر ئىچىدە، ئەسلى ئىسمى خوجا ئەزەم ئاتا، قۇمۇللۇق.

شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ ئوردا باغ دېگەن يېرىدىكى پەنجى باغنىڭ ئىچىدىكى قۇمۇشلۇق دۆۋىدا ئىككى زات ياتقاندۇر. بۇلارنىڭ ئەسلى ئىسىملىرى ئېنىق ئەمەس.

خوجا مۇھەممەت نىياز قۇمۇلى، ئورنى راھەتباغ يېزا چوڭ گۈمبات مەھەللىسىنىڭ شىمال تەرىپىدە. چوڭ يولنىڭ ياقىسىدىكى سوقما تامنىڭ ئىچىدىكى نىيازلىقى دېگەن جايىدۇر.

## ئايلىق مازىرى

ئورنى شەھەر ئىچىدە. ئەسلى ئىسمى كۆك توغلۇق، كۈمۈش كۆزلۈك ئاتا، بۇخارالىق، كۆك توغلۇق دېگىنى كۆك دەرەخلىك ئىچىدە ياتقانلىقى، كۈمۈش كۆزلۈك دېگىنى بۇ مازارنىڭ يېنىدا ئالتۇن بۇلاق (قۇدۇق) بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە بۇ كىشى قەبرە خالىمىغان كىشى ئىكەن. بىر قانچە قېتىم قەبرە ياسىغان بولسىمۇ، قەبرە توختىمىغان. شۇڭا مازىرىغىچە قەبرىسى يوق. توپراق بىلەن ياتىدۇ، دېيىلگەن.

## غايىب مازارى

ئورنى شەھەر ئىچى جىرا جىزلۇقى[illegible] مەھەللىسىدە. ئەسلى ئىسمى ھەزرىتى مەۋلانا خوجا ھەسەن ئاتا، بۇخارالىق. مازارنىڭ يېنىدا توققۇز [illegible] بار. شۇڭا چىلە [illegible] يەرىگە [illegible] (توققۇز [illegible] ئال) [illegible] ئاتالغان.

1940 — يىلى شەھەر ئىچى سېپىلىنى بۇزغاندا، مازارنىڭ يېنىدىكى سېپىلدىن مەۋلانا خوجا ھەسەن ئاتىنىڭ قەبرىسى كىيىملىرى تېپىلغان پولاتتىن قۇرۇلغان قۇرما گازا چاپان، ئىشتان (تېزلەپچە) ئاق تاۋارغا كۆك چەشمە تىكىپ، ئىچىگە سەرەڭگە قېپىدەك ئۇششاق تاتكا پولاتنى قۇرما قىلىپ تىزىپ قويغان. بۇلاردىن باشقا پولات قالپاق، قالماقچە ئىلما ئۆتۈكمۇ تېپىلغان. بۇلار ئورۇمچىدىكى ئاسار - ئەتىقىلەر كۆرگەزمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قەيس خوجام مازارى

قەيس خوجامنىڭ ئىسمى قەيس ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەرەبىستان مەدىنىلىك، مىللىتى ئەرەب، ئۇ تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەنىنىڭ 9 — يىلى (مىلادى 635 — يىلى) قۇمۇلغا كېلىپ ۋاپات بولغان. بىر نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭى ئادەم ئەۋەتىپ مازار تىكلىگەن 1939 — يىلى شىڭشىسەيدا تۇرۇۋاتقان چېگرا ئەسكەرلىرى گازارما سېلىش ئۈچۈن بۇ مازارنىڭ خىش، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كەتكەن. كېيىن بىيجىڭدىن قۇمۇلغا قايتىش سەپىرىدە شىڭ شىڭشادىن ئۆتكەن شەمشىدىن باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن سىدىق ئابدۇل، سەمەتخان قاتارلىقلار بىلەن بىللە قەيس خوجامنىڭ جەسىتىنى باشقىدىن دەپنە قىلغان.

1945 — يىلى 7 — ئاينىڭ 4 — كۈنى قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى قەيس خوجامنىڭ جەسىتىنى شىڭ شىڭشادىن شەھەر ئىچىنىڭ چاھار باغ كەنتىگە يۆتكەپ كېلىپ دەپنە قىلغان. مازارنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىناكارلىق ئۇستىسى ئابدۇلباقى سوپا ھاجى لايىھىلەپ ياساپ پۈتتۈرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان مازىرغا قەدەر مەخسۇس ئادەم قاراپ كەلمەكتە. ھازىر ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا قوغدىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئەزىزىم ئاغىچام مازىرى

ئۇرنى قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزا ئەزىزىم مەھەللىسىدە ئەسلى ئىسمى بىبى رابىيە ئەدۋىيە ۋەلىيۇللاھ،

ئايال، سىللىتى ئەرەب. مازارنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغۇزۇلغان ئابىدە تېشى بار، تاشقا ھىجرىيە 1304 — يىلى دەپ ئويۇلغان. ھەر يىلى قۇربان ھېيتنىڭ هارپا كېچىسى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۇ مازارغا كېلىپ زىيارەت قىلىش ئادەتكە ئايلانغان.

## سۇلتان سەئىد مازىرى (تۇغلۇق مازار)

ئورنى قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزا خوجامخى مەھەللىسىدە، ئەسلى ئىسمى سۇلتان سەئىد ئەھمەت بەلخى، ئافغانىستاننىڭ قەدىمكى پايتەختى بەلخدىن قۇمۇلغا مىربوز بەلخى، مىر تاباق بەلخى ئىسىملىك ئىككى سوپىنى بىلەن كەلگەن. بۇ ئىككى سوپا قۇمۇلدىن ئۆيلىنىپ بالا — چاقىلىق بولۇپ قۇمۇلدا ۋاپات بولغان. ئالتۇنلۇقتىكى ياقا زاراتگاھلىقنىڭ ئاياغ تەرىپى، ئۇلۇغ يولنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى سوقما تام ئىچىدە ئىككى دۆۋە بولۇپ، كۈن چىقىش تەرەپتىكى دۆۋە بۇ ئىككى سوپىنىڭ قەبرىسىدۇر. بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەرلىرى «شاھ»، ئاياللىرى «تەركەن» دېگەن نام بىلەن تۇغلۇق مازارنىڭ شەيخلىرى بولۇپ كەلگەن.

كۈن پېتىش تەرەپتىكى قۇمۇشلۇق دۆۋە بولسا، ھوشۇر قەلەندەرنىڭ قەبرىسىدۇر. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ كىشى ئۆلۈشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئەل - يۇرتنى ئۆزىنىڭ جىنازا نامىزىغا چىللىغان، ئەتىسى ئۆلۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇمۇلدىكى بىر قىسىم مەنزىرىلىك جايلار



## باغداش بېغى

ئارىتام بېغىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى قاغجىراپ تۇرغان قەۋەت - قەۋەت تاغلار ئارىسىدىكى جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتسىڭىز، ئالدىڭىزدىكى كۆك مۇز قاپلاپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇنى ئىچىدە ئاجايىپ ئىللىق، ساپ ھاۋا دىماغقا ئۇرۇلۇپ، يۈرەكنى سەگىتىدۇ. يەنە يېنىڭىزغا يۈرۈلۈپ قار بېسىپ تۇرغان تاغلارنىڭ ئاستىغا قارىسىڭىز:

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى.
ئۈستىدە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

دەپ خەلق ئاغزىدا داستان بولىۋاتقان باغداش بېغى كۆز ئالدىڭىزدا ئايان بولىدۇ. مانا بۇ باغداش بېغى (باغۇ دەشت) يەنى تاغۇ تاشلار ئارىسىدا بىنا قىلىنغان باغدۇر. بۇ باغ ئارىتامنى بىنا قىلغان ئەخمەت بەگ دەۋرىدە 1775 — يىللاردا ئارىتام بېغى بىلەن بىر دەۋردە بىنا قىلىنغاندۇر. باغداش دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، باغ بىنا قىلغان ئورنى 100 موۋدىن ئاشىدۇ. باغلىرى - ئالمىلىق ، ئۆرۈكلۈك، ياڭاقلىق باغ بولۇپ، بۇ يەردىن ئالمىنىڭ قەدىمكى تۈرلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى تېپىلىدۇ. يەنە بۇ يەردە يۈرەكنىڭ شىپالىق دورىسى زىرىق ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ.

باغداشتا ئەڭ مەشھۇر بولغىنى باغداش ئوردىسىدۇر. بۇ ئوردا قەدىمكىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قۇمۇلدىكى ئوردىدىنمۇ كاتتا سېلىنغان. بۇنى سېلىشتىن بۇرۇن بىر قىسىم كاتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇستىلار بېيجىڭگە ئەۋەتىلگەن ۋە بېيجىڭ خان ئوردىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆرۈپ، ئۆگىنىپ كەلگەن. ئوردىنىڭ چوڭ ئىشىكى ئۈچ قوۋۇقلۇق دەرۋازىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە 9 ئىشىكتىن ئۆتۈپ تەختكە يەتكىلى بولاتتى. بۇ ئوردا توپتوغرا 200 ئېغىزلىق ئۆيدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىلا ئۆيلىرى ناھايىتى كاتتا بېزەلگەن. لېكىن بۇ ئوردا ئۆيلەر 1930 — يىللىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بۇ جاي ھازىر خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى سەيلىگاھى، ھازىرمۇ ئۆرۈكلۈك، ئالمىلىق، ياڭاقلىق باغلىرى بار. ئالمىلىرى يازنىڭ باشلىنىشىدىن قىشنىڭ باشلىنىشىغىچە پىشىپ، تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

## ئارتام بېغى

ئارىتامنى تاغ دېمەڭلار،
ئارىتام بېھىش ئىكەن.
تاملىرى تاشلىق غاشا،
ئىچىدە كىشمىش ئىكەن.

ئارىتامنى تام دېمەڭلار،
ئارىتام پىر باغ ئىكەن،
يوللىرى قارغىن تىكەن،
جۇگانلىرى قالىغاچ ئىكەن.

ئارىتام (ئەر تام) قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا ئاق قار، كۆك مۇز قاپلاپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تيانشان تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىدىن

40 كىلومېتر يىراقلىقتا. ئەگەر سىز ئارىتامىنىڭ ئايىغىدىكى تاش شەھەردىن تۇرۇپ قارىسىڭىز ئارىتام بېغى گويا ئاسماندىن چۈشكەن ناھايىتى چوڭ بىر پارچە يېشىل گىلەمدەك كۆرۈنىپ تۇرىدۇ. بۇ باغ 1775 — يىلى ئىسھاق ۋاڭ (1766 — 1780) نىڭ ئىنىسى ئەخمەت تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان (ئۇ چاغدا ئىسھاق ۋاڭ خانلىق تەرەپتىن جازالىنىپ، ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىزىغا ئەخمەت يۇرت سوراۋاتقان چاغ ئىدى) بۇ باغنى بىنا قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلدىن نەچچە مىڭ ئادەم ئىشلەپ، نەچچە يۈز تۈگە بىلەن توپا، خىش، كېسەك توشۇغان. گەرچە بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 1216 مېتر ئېگىزلىكتە بولسىمۇ 300 مودىن ئارتۇق يەرگە كۆچەت تىكىپ تۈرلۈك باغلارنى بىنا قىلغان. ئوتتۇرىسىغا ھەشەمەتلىك قىلىپ كاتتا ئوردا سالغان. ئۇز ۋاقتىدا ئالمىلىق، شاپتۇللۇق، جىنەستىلىك، بېيىلىك، ئۈرۈكلۈك، ياڭاقلىقتا ئوخشاش تۈرلۈك باغلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چۆرىسىنى تاش بىلەن قوپۇرۇپ چىققان. بۇ باغ ئۇز ۋاقتىدا قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يازلىق ئارامگاھى ئىدى. 1930 — يىللاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ئوردىسى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. بۇ باغ ھازىرمۇ مەشھۇر بولۇپ، ئۈرۈكلۈك، ياڭاقلىق باغلىرى يەنىلا كۆكىرىپ مېۋە بېرىپ تۇرماقتا. ھازىرمۇ بۇ باغنىڭ تاشتىن — تاشقا شارقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى، بوك — باراقسان مەنزىرىسى خەلقنىڭ سەيلىگاھى بولۇپ قالدى. بۇ باغنىڭ ھازىرمۇ قوچاق يەتكۈسىز ئىككى يۈز يىلدىن ئاشقان ياڭاقلىرى بار. بۇ ياڭاقلارنىڭ ئاستىدا 200 — 300 ئادەم ئولتۇرۇپ بەزمە — باراۋەت، مەشرەپ — مىلىس قىلغىلى بولىدۇ.

## ئاق تاش

ئاقتاش تيانشان تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ نامى

شۇ جايدا چوقچۇيۇپ تۇرغان يوغان بىر ئاقتاشنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئەسلىدە بۇ ئاقتاش بىر ئېگىز ئۆينىڭ چوڭلۇقىدا بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن قار — يامغۇر، بوران — شۇىرغان ۋە كەلكۈننىڭ تەسىرىدىن كىچىكلەپ كەتكەن، بۇ ئاقتاش ھازىرمۇ بار بولۇپ، بۇ قۇمۇلدىكى ئەڭ مەنزىرىلىك جايلارنىڭ بىرى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يازلىق سەيلىگاھى. ئاقتاش ئەتراپىدا بۈك باراقسان ئورمانلار، ياپ — يېشىل يايلاقلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تۈزلەڭدىكى سانسىزلىغان قارىغايلارنىڭ يىلتىزلىرى بىر — بىرىگە ئۆتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاستىدىن زۇمرەتتەك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. يازدا ئەتراپىدىكى چارۋىچىلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، ئاق ئۆيلىرىنى تىكىپ، مال — چارۋىلىرىنى بېقىشىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن، مول يېغىن كۆپ.

## ئاق تاش ھەققىدە رىۋايەت

ئاق تاش قۇمۇلدىكى مەنزىرىسى گۈزەل جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

بۇرۇن بۇ جاي قەدىمىي قورغان يەنى بىر يۇرت ئىكەن. بۇ يۇرتتا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قەبىلە بولغانىكەن. قەبىلە باشلىقىنىڭ بەختىگۈل ئىسىملىك گۈزەل بىر قىزى بولۇپ، بۇ قىز چىنار ئىسىملىك بىر نامرات يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ئىككىسى دائىم ئورمان ئىچىدە ئۇچرىشىپ يۈرىدىكەن. بەختىگۈل يېشىللىقتا ئىنتايىن ئامراق بولغاچقا، يىگىت چىنار بىلەن خوشلاشقاندا چىنار ئۇنىڭغا بىر تال قارىغاي شېخىنى سوۋغا قىلىپ قايتىدىكەن. بەختىگۈل ئۇنى

ھوجرىسىغا ئېلىپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئايلار ئۆتۈپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ، بىر يىلى بۇ يۇرت قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەپتۇ. يايلاق قۇرۇپ قارىغايلار سارغىيىپتۇ. بەختىگۇلنىڭ كۆڭلى بەكمۇ بىئارام بوپتۇ. ئۇ كۈندە يىغا — زارە بىلەن كۆزىنىمۇ ئاچماي يېتىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن چىنارنىڭ يۈرەك — باغرى پارە — پارە بوپتۇ. ئۇ كۈندە قۇرۇغان ئورمان ئىچىدە ئولتۇرۇپ قايغۇلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپتۇ. قارىغاي دەرەخلىرىنى بىر بىردىن قۇچاقلاپ، سىلكىپ زار — زار قاخشاپتۇ. ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ، كىيىملىرى جۇل — جۇل بوپتۇ. ئۇ تىنىمسىز ھالدا قارىغايلارنى ئىرغىتىۋەرگەچكە قول بارماقلىرىدىن قانلار ئېقىپ ئورمانلار تۈۋىگە سىڭىپتۇ. چىنار ھالسىزلىنىپتۇ. قارىغايلار كۆكۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە جاينى يېشىللىق پۈركەپتۇ. قايتا يېشىللىقنى كۆرگەن بەختىگۇل ئىنتايىن شادلىنىپتۇ. لېكىن چىنارنىڭ كۆز ياشلىرى يۈرەك قانلىرى دەريا بولۇپ كەتكەچكە ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپ بەختىگۇلنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزۈپتۇ. بۇ ھىجران دەردىگە چىدىمىغان بەختىگۇلمۇ چىنارنى قۇچاقلىغىنىچە جان ئۈزۈپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ چىن ئەقىدە، پاك مۇھەببىتىگە قاراپ تەسىرلىنىپتۇ ھەم ئۇلارنى ياپ — يېشىل ئوتلاق ئىچىگە دەپنە قىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ قەبرىسىدىن يوغان بىر ئاق تاش ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ ئاق تاش بىر جۈپ ئاشىق مەشۇقلارنىڭ پاك مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى ئىكەن.

## «سىرلىق جاي»

قومۇلدىكى تارانچى تېغىنىڭ مەھەللىگە يېقىن جايىدا خەلق ئاغزىدا «سىرلىق جاي» ، «ئىگىلىك جاي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاي بار. بۇ جايدىكى يوغان قورام تاشلاردا ھەم يەرگە يېيىلىپ ياتقان ياپىلاق تاشلاردا ھەر خىل ئىز ۋە شەكىللەر بار. بۇ يەردە قۇش باشلىق تاش ئېگەر، يوغان تاش داش قازان چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەرگە يېيىلىپ ياتقان تاشلارنىڭ ئۈستىدە توپلەي، ئۆتۈك ئىزى، تۆگە، قوي، ئىتلارنىڭ ئىزلىرى بار. يەنە يېيىلغان سۇ پىرىنىڭ ئۈستىدە تاختا، خالو (نوغۇچ)، يېيىلغان خېمىر، پىچاق، كېسىلگەن خېمىر قاتارلىقلارنىڭ شەكلى بار. يەنە ئوقيا، ئوقيا ئۇچى، بەتلەنگەن ئوقيانىڭ شەكلى، مەسچىت مېھرابى، مەسچىتكە سېلىنغان بىساتنىڭ شەكلى بار. بۇ جاي تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم جايلارنىڭ بىرى. ئەگەر سىز مۇشۇ جاينىڭ شەرق تەرىپىدىكى غولنىڭ نېرىقى چېتىگە نەزەر سالسىڭىز ئۇ تەرەپتىكى قورام تاشلاردىمۇ خىلمۇ خىل سۈرەتلەرنى كۆرىسىز. مەسىلەن: بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايالنىڭ يەنە بىر بالىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە باشقا كۆرۈنۈشلەر، بۇ كۆرۈنۈشلەر سىزنى قىزىقتۇرىدۇ.

## ئاۋازلىق قۇم تاغ

ئاۋازلىق قۇم تاغ تيانشان تېغىنىڭ شىمالى، سۇمۇشتانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قەدىمىي دەريا ۋادىسىدىكى ئوتلاقتا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلىقى 5 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇم دۆۋىسى بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ قۇم دۆۋىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئاۋازلىق قۇم تاغنىڭ باغرىدا چوڭ بىر ئۈستەڭ بولۇپ، سۈپ — سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. كىمدە — كىم بۇ تاغقا يېقىنلاشسا، يېقىنلاشقانسېرى قۇم تاغنىڭ ئىچكى قىسمىدىن چىقىۋاتقان ئاجايىپ غەلىتە ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ. بۇ غەلىتە

ئاۋازلار ئاڭلىغان كىشىنى خىلمۇ خىل ۋەھىمىگە سالىدۇ. بۇ تاغ ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك رىۋايەتمۇ بار:

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئايال گېنېرال بەن لىخۇا ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، بىر بۆلۈك ئايال ئەسكەرلەر بىر توپ دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغانىكەن. ئىككى ئوتتۇرىدا ئاجايىپ قانلىق جەڭ بوپتۇ. جەڭدە بەن لىخۇادىن باشقا بارلىق ئايال لەشكەرلەر قۇربان بوپتۇ. غەزەپكە چىدىمىغان بەن لىخۇا يەنە لەشكەر باشلاپ كېلىپ ھېلىقى دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئاپتۇ ھەمبۇرۇن قۇربان بولغان ئايال ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى مۇشۇ قۇم تاغقا دەپنە قىلغان ئىكەن. شۇ چاغدا ئۆلگەنلەرنىڭ روھى تا ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى غەلىبىسى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىپ تۇرىدىكەن. گەرچە بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا بۇ جايدا خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇشلار بولغانلىقى ئېنىق. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يەردىن ئۈستىگە تۆمۈر نىقاب كىيگەن، قىلىچلىق بىر ئەسكەرنىڭ جەسىدى تېپىلغانىدى.

ئاۋازلىق قۇم تاغ — ھەققەتەن سىرلىق بىر جاي. كىشىلەر بۇ تاغدىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلارغا قاراپ «ئاۋازلىق قۇم تاغ» دەپ نام بەرگەن.

## قوۋۇق ئېغىزى (كومۇگېزا)

كۆشۆتە ئېغىزى بىلەن ئىچكىرىلەپ، يۇقىرى ئۆرلىسىڭىز ئاسمانغا تۇتاشقان كۆشۆتە داۋىنىغا چىقىسىز. بۇ داۋاندىن پەسكە قاراپ ماڭسىڭىز لېنتىدەك سوزۇلغان 36 ئەگىمنى بېسىپ كومۇگېزىغا يېتىپ كېلىسىز. ئەتراپ ئېگىز - پەس تاغلار بىلەن ئورالغان. تاغ باغىرلىرىدىن ئېگىزلىككە سوزۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قارىغايزارلىق. بۇ يەر قۇمۇلدىن چىقىپ بارىكۆل، ئاراتۆرۈكلەرگە بۆلۈنىدىغان يول ئېغىزى بولۇپ، مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل. بۇ يەردىكى تاغلاردىن ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ياۋا كۆكتاتلار ھەتتا تەبىئىي ئادەمگىياسى چىقىدۇ. كومۇگىزا ھەققىدە ئەل ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ناھايىتى ئۇزاق يىللار بۇرۇن بۇ يەرنىڭ شىمالىدا چەكسىز كەتكەن بىر دېڭىز بولغانىكەن، بۇ دېڭىز ياقىسىدا بىر قەبىلە بولۇپ بۇ يەردە، بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار ياشايدىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە دېڭىزدىن بىر دىۋە چىقىپ قىزنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يىگىت دېڭىز دىۋىسى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆز سۆيگىنىنى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ دېڭىز بويىدا دىۋىنىڭ چىقىشىنى ساقلاپتۇ. دېڭىز دىۋىسى چىقىپ يىگىتكە ئۆز سېھرىنى ئىشلەتمەكچى بولغان ئىكەن، يىگىت ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ قىپتۇ. ئاخىرى يىگىت دىۋىنى يوقۇتۇپ قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، دىۋە يەنە چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا غايەت زور توساق — چولڭ بىر تاغنى پەيدا قىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن يىگىت قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ تاغنى چاپقان ئىكەن. غايەت زور بىر گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تاغ ئىككىگە ئايرىلىپتۇ. دېمەك، كۆشۆتە ئېغىزىدىن كىرىپ يوقىرى ئۆرلىگەن ئاراچنى ئاشۇ يىگىتنىڭ قىلىچى بۆلۈپ سالغان ئىكەنمىش.

## سۇمۇشتان

سۇمۇشتان يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان تاغ بولسىمۇ، تاغ باغرىدا خىلمۇ — خىل تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپى كەڭ كەتكەن ئوتلاق ھەم قويۇق ئورمانلىق،

يىلتىزلىرى تۇتۇشۇپ كەتكەن قارىغايلار ئارىسىدىن سۈپ — سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، ھاۋاسى ساپ ھەم سالقىن. بۇ يەردە يەنە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن نۇرغۇن شائىرلار بۇيەرنىڭ مەنزىرىسىنى ماختاپ شېئىــرلار يازغان. سۇمۇشتان قەدىمىي يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقان بىر ئۆتەڭ ئىدى. بۇ يەردىن ئۆتكەن كارۋانلار، سودىگەرلەر ماللىرىنى ھەم ئۆزلىرىنى بۇ يەرگە تىزىمغا ئالدۇراتتى. كېيىن بۇ جايدىن قەدىمكى ساپال قاچىلار ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى بىر دانە خاتىرە تېشى تېپىلغان. دېمەك، بۇ جاي مەنزىرىلىك ھەم تارىخىي بىر جاي بولۇپ، بۇ يەرگە بارغان ھەر قانداق كىشىنى مەپتۇن قىلماي قالمايدۇ.

## مايمۇنتاغ (خواشەن)

مايمۇن تاغ تاشۋېلىقتىكى يالغۇز تۇيۇمدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا، شەرقىي - شىمال تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى، ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەر تۇتاش كەتكەن ئېگىز — پەس ئېدىرلىق بولۇپ، غولىنىڭ ئىچى قۇم — شېغىللىق. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى كەلكۈن سۈيىدىن ھاسىل بولغان بىر ئەگرى — توقاي يول كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ تاغدىكى قورام تاشلار ئاجايىپ شەكىللەرنى ھاسىل قىلغان، بەزى تاشلار - بۆركۈتكە ئوخشايدۇ. بەزىلىرى ئېيىققا، بەزىلىرى ئادەمگە، يەنە بەزىلىرى ئۆي قۇشلىرىغا ئوخشايدۇ. يەنە نۇرغۇنلىغان تاشلار مايمۇنغا ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ يەرگە «مايمۇن تاغ» دېگەن نام سىڭىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com



## زۇركى ۋە سەرۋەك تاغلىرى

زۇركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئولتۇرۇپ يىغلىغۇدەك،
سېرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.

دەپ خەلق ئاغزىدا تەرىپلىنىۋاتقان ئىككى تاغ بار. بۇ تاغلارنىڭ بىرسى زۇركى يەنە بىرى سەرۋەك. بۇ تاغلار قوراي تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. زۇركى يىراقتىن قارىسىڭىز گويا ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئوخشايدۇ. بۇ تاغ ئىنتايىن ئېگىز، ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدە سەرۋەك تېغى ياكى سەرۋەك يايلىقى بار. سەرۋەك تېغى تۈپتۈز كەتكەن ناھايىتىمۇ چىرايلىق يايلاقتىن ئىبارەت، ئەتراپىدىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى قارىغايلىق، بۇ يەر مال — چارۋىلار ئوتلايدىغان ناھايىتى ياخشى ماكانلا بولۇپ قالماي، بەلكى تارىختىن بېرى كىشىلەر، باي — بايۋەتچىلەر ساياھەت قىلىدىغان بىر جاي ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ساپ ھەم ئىللىق. يۇقىرىقى قوشاق قۇمۇلنىڭ قالايمىقان بولغان ئۇرۇش يىللىرىدا كىشىلەر قېچىپ بېرىپ ئەنە شۇ تاغلاردا ياشىغان بولۇپ، شۇ چاغلاردا توقۇلغان قوشاقتۇر.

## ئالتۇنلۇق

ئالتۇنلۇق كونا شەھەر ئىچىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا، شەھەرنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئالتۇنلۇق 3 قىسىمغا بۆلىنىدۇ. بىرسى چوڭ گۈمبەز (چىنە گۈمبەز)، بۇنى بېشىرۋاڭ قەشقەرگە

مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ «ئاپپاق خوجا مازىرى» نىڭ ئۆلكىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ ياساتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇمۇلدا خىش ۋە كاھىش پىشۇرغان. بۇ گۈمبەز 1840 — يىلى ياسالغان. چوڭ گۈمبەزنىڭ ئىشىكى غەربكە قارايدۇ، ئاستى چاسا، ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە. گۈمبەز كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ ئاستى تەرىپىگە تېگى ئاق گۈلى كۆك چىنە خىش چاپلانغان، تۆت بۇرجىكىدە مۇنار شەكىللىك تۈۋرۈك بار. گۈمبەزنىڭ ئۆگزىسىگە ياپ - يېشىل پارقىراپ تۇرغان كاھىش ئورنىتىلغان، گۈمبەزنىڭ ئىشىكى يېنىدىن ئېلىنغان، گۈمبەز ئۈستىگە چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي بولۇپ، بۇ ئارقىلىق گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. گۈمبەزنىڭ چۆرىسىگە پەس گىرۋەك قىلىپ تام سېلىنغان. گۈمبەزنىڭ ئۈستىدە تۆت تۈگىلۈك بار. قۇببە تورىسىغا كۆك گۈل چۈشۈرۈلگەن. چوڭ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە 7 — ئەۋلاد ۋاڭ بېشىر ھەم ئۇنىڭ چوڭ — كىچىك فۇجۇڭلىرى (ئاياللىرى)، 8 — ئەۋلاد ۋاڭ مۇھەممەت ھەم ئۇنىڭ خوتۇنى يەنە ئوغۇللىرىنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى دەپنە قىلىنغان.

ئىككىنچىسى — چوڭ گۈمبەزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ياغاچ بىلەن شىپاڭ شەكلىدە ياسالغان بەش كىچىك گۈمبەز بار. بۇ گۈمبەزلەرنى غەربتىن شەرققە سانىغاندا تۆت گۈمبەزنىڭ ئىچىگە 1 — ئەۋلادتىن 6 — ئەۋلادقىچە بولغان ۋاڭلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ھەم ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر دەپنە قىلىنغان. شەرقتىكى شىپاڭ شەكىللىك 5 — گۈمبەزنى 9 — ئەۋلاد ۋاڭ شاماخسۇت ئۆلتىن ئىلگىرى ياسىغان ھەم ئۇنىڭ ئۆلىكى شۇ گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىنغان.

ئۈچىنچىسى — چوڭ مەسچىت (ھېيتكا قىسمى) بۇ مەسچىتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قىسمى 1 — ئەۋلاد ۋاڭ ئەبەيدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبەتى
www.uyghurkitap.com



تارخانبەگ دەۋرىدە سېلىنغان. 4 — ئەۋلاد ۋاڭ يۈسۈپنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، مەسچىت كىچىكلىك قىلغاچقا، شەرق تەرەپكە بىر ئاز كېڭەيتىلگەن. 6 — ئەۋلاد ئەردىشىر دەۋرىگە كەلگەندە مەسچىت يەنە شەرققە كېڭەيتىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. چوڭ مەسچىتنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلىقى 60 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 38 مېتر بولۇپ، 2280 كۋادىراتنى مېتر يەرنى ئىگىلىگەن. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى شەرققە قارايدۇ. ئىچىدە 9 رەتتە 12 دىن جەمئىي 104 يوغان قىزىل تۈۋرۈك بار. تۈرۈكلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىلدا يوغان ھەم ئېگىز، ھەر بىر تۈۋرۈكنىڭ ئاستىغا گۈل چېقىرىلغان تاش قويۇلغان. ھەر بىر تۈۋرۈكنىڭ ئۈستى سۇۋەتباش تۈۋرۈك قىلىپ ئويۇپ چىقىرىلغان. ھېيتكاھنىڭ ئۈستىگە گۈللۈك پەن يېپىلغان، گۈللەر بىر بىرىگە ئوخشىمىغان ھالەتتە خىلمۇ-خىل سىزىلىپ گۈل رەڭگىدە سىرلانغان. تاملىرىغا ئايەت پۈتۈلگەن. روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا بۇ يەرگە پۈتۈن شەھەر ئىچىگە تەۋە جايلاردىن ئادەم كېلىپ ناماز ئوتەيدۇ. ھېيتكاھنىڭ ئىچىگە 5000 دەك ئادەم سىغىدۇ. سىغمىغانلىرى تاشقىرىدىكى چوڭ سەيناادا ئولتۇرىدۇ.

ھەر قايسى ھېيتنىڭ ھارپا كۈنلىرى ۋاڭ ۋە ۋاڭ جەمەتلىرى يەر بېشىنى يوقلايدۇ ھەم ھەر قايسى قەبرىلەرگە كىيىم كىيگۈزىدۇ. (ئۇ چاغلاردا بولۇپمۇ ۋاڭلار ۋە ئۇنىڭ فۇجۇڭلىرىنىڭ قەبرىسىگە كىيگۈزۈش ئۈچۈن مەخسۇس كىيىملەر تىكتۈرۈلەتتى) بۇ كىيىملەر ھېيت ئۆتۈپ بولغىچە كىيدۈرۈلۈپ ئاندىن يەنە مەخسۇس ساقلىناتتى.

ۋاڭ قەبرىستانلىقىنىڭ شەيخلىرى ئايرىم بولۇپ، بۇ شەيخلار ۋاڭلىق تەرەپتىن ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى.

# قۇمۇلدىكى

# بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قەدىمكى ناجى شەھىرى ھەققىدە

مىلادى 758 — يىللىرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا «ئوبلاست» ياكى «تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن لاپچۇق ئايرىم بىر ناھىيە قىلىنىپ، ئىسمىنى «ناجى ناھىيىسى» دەپ ئاتىغان. ناجى شەھىرى (ھازىرقى لاپچۇق قۇمۇل شەھىرىدىن 65 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تۆت دەرۋازىسى بار ئىدى. ھازىرمۇ بىر قانچە دەرۋازا ئورۇنلىرىنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان، بۇ شەھەر ھەققىدە شۇ چاغلاردا مۇنداق قوشاق تارقالغان:

ئاتاڭ ناجى ئاناڭ ناجى،
شەھەرنى ئالدى قونتاجى.
ئاڭا بولمىساڭ رازى،
ئاتاڭ قالماق ئاناڭ راجى.

## قارا دۆۋە ھەققىدە

قارا دۆۋە ھەققىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن تاۋباۋلىيەن دېگەن كىشى: «قارا ـ قارا بوياقنى بىلدۈرىدۇ، دۆۋە — تۆبە دېگەننى بىلدۈرىدۇ» دېگەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جاينى تۈبۈتلار ئىگىلەپ تۇرغان. لېكىن، يەرلىك تىلدا قارا دۆۋە -- قارا تۆپە، قارا دۆڭ دېمەكتۇر.

## لاپچۇق ھەققىدە

لاپچۇق تەۋەسى شەرقىي خەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە «ئىۋىرغول كاھىبېگى»، «قومۇل ئەمىرلەشكىرى»، «قومۇل ئىۋىرغول كاھىبېگى» بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئورۇن ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە توغلۇقلار پىشامشان بەگلىكلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ۋەيران قىلغان چاغدا، بىر قىسىم پىشامشانلىقلار شىمالغا كۆچۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قەلئە سېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇنى «لاپچۇق» دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 4 – يىلى (مىلادى – 630 يىلى) لاپچۇق ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە لاپچۇق دېگەن ئاتالغۇ «لوپ» سۆزىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن.

## «بوغاز» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت

بوغاز قومۇلنىڭ جەنۇبىغا – تەخمىنەن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. «بوغاز» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ئىسلام دىنى قومۇلغا تارقىلىۋاتقان مەزگىللەردە 30 – 20 دەك دىن تارقاتقۇچى قومۇلغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاش – تاماقلىرىنى ئېتىش، كىر قاتلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن بىر ئايالمۇ قوشۇپ بېرىلگەن. سەپەر ئۈستىدە بىرسى: بىزنىڭ ئارىمىزدا بىرلا ئايال بار، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز. كۆڭلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



بىردە بىرەسىمىزنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويساق، ئۇ ھامىلدار بولۇپ قالسا بىزنىڭ سەپىرىمىزگە پۇتلىكاشاڭ بولسا قانداقمۇ قىلارمىز» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار بىر قونالغۇغا كېلىپ قونۇپتۇ. ئەتىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرسا ئايالنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە ھېلىقى خىيالنى قىلغان ئەر كىشىنىڭ قورسىقى يوغىناپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ھەم ھەيران بولغان ھەم قورقۇپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم ئۆز باشلىقىغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باشلىق غەزەپ بىلەن «پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى ساقلىغان خۇدايىم ، بۇ بىر ئاجىز بەندىسىنى بىزدىن ساقلىيالامدىكەن؟ نىيىتىڭ يامان بولغاچقا ، ئاللا تائاللاسىنى جازالاپتۇ. بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر بىزنىڭ ئامالىمىز يوق» دەپتۇ. بۇ ئاجايىپ ۋەقە ناھايىتى تېزلا بۇ قونالغۇغا پۈر كېتىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر خۇدانىڭ كارامىتىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ قونالغۇنى «بوغاز» دەپ ئاتىشىپتۇ.

## «قارلۇق غول» ھەققىدە

قۇمۇل شەھىرىدىن 75 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارا دۆۋە، لاپچۇق، توغۇچى رايونلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان سۇيى مول بىر غول بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «قارلۇق غول» دەپ ئاتايدۇ. بۇ غول 300 دىن ئارتۇق چەشمە سۇيىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، غولنىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا قەبىلىسى بولغان قارلۇقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياشاپ كەلمەكتە. بۇ غولنىڭ ئەتراپلىرىدا قارلۇقلار توغۇچى (توغ تۇمانىنىڭ ئۇچى)، تەيزاڭ شەھىرى، لاپچۇق (ئېگىز يارلىق شەھەر)، قارا دۆۋە( قارلۇق تۆپە) قاتارلىق مەشھۇر قەدىمي شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، ئۆزىگە

خاس مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرغان.

## كانايچى تۇرا

قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ئوردىنىڭ مەخسۇس كانايچىلىرى بولۇپ، ئوردىغا مېھمان كەلگەندە، ھېيت، ئايەم، توي، سۈننەتلەردە ۋاڭنىڭ ھەشەمىتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئوردىغا كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ھەم روزى ئېيىدا ئىپتىھار ۋاقتىنى بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن بىر جۈپ كانايچى تەرىپىدىن كاناي چېلىناتتى. كاناي چېلىشقا مەخسۇس تەيىنلەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن ۋاڭ كانايچى تۇرىنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەنىدى. بۇ يەردە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كانايچىلار ياشىغان. كىشىلەر بۇ جاينى كانايچىلار مەھەللىسى ياكى كانايچى تۇرا دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

## قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرى

قۇمۇل تەۋەسىدە ئۇيغۇر شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنلار بار. مەسىلەن: ئارىتام ئۇيغۇر شەھىرى، باي ئۇيغۇر شەھىرى، شوپۇل ئۇيغۇر شەھىرى، باغداشتىكى بوستان كۆنجەك ئۇيغۇر شەھىرى، چارلىق ئۇيغۇر شەھىرى، قورايدىكى قىزىل يار ئۇيغۇر شەھىرى قاتارلىقلار.

## ئۇيغۇر چوققىلار

قۇمۇل رايونىدا نۇرغۇن جايلاردا «ئۇيغۇر چوققا» دەپ ئاتىلىدىغان جايلار بار. مەسىلەن: ئارىتام ئۇيغۇر چوققىسى، تۇركۆل ئۇيغۇر چوققىسى، بۇرالىق ئۇيغۇر چوققىسى، ئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۆرۈكتىكى قوتوغۇل ئۇيغۇر چوققىسى، باي ئۇيغۇر چوققىسى، قىرساي ئۇيغۇر چوققىسى، ئۆمۈر تاغلىرى ئۇيغۇر چوققىسى، توپ ئۆيلەر ئۇيغۇر چوققىسى قاتارلىقلار.

## چاپ رىۋايىتى

بۇددىستلار بىلەن ئىسلام دىنىدىكىلەر قاتتىق ئېلىشىۋاتقان چاغلاردا، لاپچۇق شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى هازىرقى چاپ دەپ ئاتىلىۋاتقان جايدا ئۇرۇشلار راسا ئەۋجىگە چىقىپتۇ. بۇ يەردىكى ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە بۇددىستلار غالىپ كېلىپ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئاز بىر قىسمى قېچىپ هازىرقى چاپ دەپ ئاتىلىۋاتقان جايغا كەلگەندە ئارىدىن بىر باتۇر چىقىپ «ئارقاڭلارغا قايرىلىپ چاپماسلەر!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئارقىغا قايرىلىپ، قوغلاپ كەلگەن بۇددىستلارنى چېپىپ تىرە-پىرەڭ قىلىۋېتىپتۇ. ئاخىرى بۇ ئۇرۇشتا ئىسلام دىنىدىكىلەر ئۇزۇل — كېسىل غەلىبە قىلىپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ جاي «چاپ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن.

## ئۇرۇستۇرا

1930 — يىللاردا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىر ھەربىي ئايروپىلانى مەشق قىلىۋېتىپ هازىرقى ئۇرۇستۇرا ئەتراپىغا كەلگەندە ئايروپىلاندىن چاتاق چىقىپ چۈشۈپ كەتكەن. ئەتراپتىكى دېھقانلار ئايروپىلاننىڭ تۆمۈر تەسەكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ كەتمەن، گۈرجەك سوقۇپ ئىشلەتكەن، كېيىنچە بۇ جاينىڭ ئىسمى ئۇرۇستۇرا بولۇپ قالغان.

# توققۇز ئەژدىھا تال ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

(1)

قۇمۇل كونا شەھەر ئىچىنىڭ شەرق تەرىپىدە «توققۇز ئەژدىھا تال»ناملىق بىر مەھەللە بار. بۇ مەھەللە نامى ھەققىدە قەدىمدە تۈرلۈك رىۋايەتلەر تارقالغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىرىسى تۆۋەندىكىدەك:

قايسىدۇر بىر خانىنىڭ دەۋرىدە، شۇ خانىنىڭ كۆرگەن مۇجمەل بىر چۈشىگە خان مۇنەججىملىرى تەبىر ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ: «دۆلەتنىڭ غەربىدىكى بىر مۇسۇلمان شەھىرىدە توققۇز باشلىق ئەژدىھا پەيدا بوپتۇمىش، ئۇ ئەژدىھا تال سۈرىتىدە بولۇپ، تالنىڭ ئۇچى سۇغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ئەگەر تالنىڭ ئۇچى سۇغا تەگسىلا شۇ ھامان ئەژدىھاغا جان كىرەرمىش، ھەم شۇ چاغدا شۇ شەھەردە ژاڭ نەسلىدىن بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلەرمىش. شۇندىن كېيىن پۈتۈن سۇلتانلىق شۇ ئوغۇلغا مەنسۇپ بولارمىش». بۇنى ئاڭلىغان خان قۇمۇل تەۋەسىگە ئادەم چىقىرىپ تەكشۈرۈپ كۆرسە قۇمۇل كوناشەھەر ئىچىنىڭ شەرقىي سېپىلىگە تۇتاشقان غايىپ بۇزۇرگاھ دېگەن مەھەللىدە بىر تۈپ تال بار ئىكەن، ئۇنىڭ توققۇز تەرەپكە شاخلىغان توققۇز شېخى بار بولۇپ، مازارنىڭ گۇمبىزىنى ئوراپ ئاجايىپ ئۆسكەن ئىكەن. شاخلىرى بىر بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەچكە گويا ئۇ ئەژدىھاغا ئوخشايدىكەن. بۇنى كۆرگەن تەكشۈرگۈچىلەر ئەژدىھا تال مۇشۇ ئىكەن، دېيىشىپتۇ — دە، تالنى دەرھال كېسىۋېتىپتۇ، كېيىن مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ ئوغلى غۇلام مۇھەممەت ئەيىپىناك تۇغۇلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئاشۇ تالنىڭ

رىۋايەتكە تەقلىت قىلغان ئىكەن.

بۇ رىۋايەت دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا كەڭ تارقالغاچقا، شۇ زامانلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ئالاھىدە قۇمۇلغا كېلىپ بۇ مەھەللىنى، ئاشۇ تالنىڭ ئىزىنى كۆرۈشكەن، ھەتتا ئىچكىرىسىدىن قۇمۇلغا چىققانلاردىن ئۇرۇق — تۇغقانلىرى «ئەژدىھا تالنى كۆردۈڭمۇ» دەپ سوراش ئادەت بولۇپ قالغان. ئەگەر قۇمۇلغا كەلگۈچىلەر «ئەژدىھا تالنى كۆرمىدۇق» دېيىشسە، «سەن قۇمۇلغا بارماپسەن» دەپ ئىشەنمەيدىكەن.

بۇ مەھەللە ۋە تالنىڭ ئورنى ھازىرمۇ بار بولۇپ، بۇ مەھەللىنى كىشىلەر يەنىلا « توققۇز ئەژدىھا تال » (جۇلۇڭشۇ ) دەپ ئاتىشىدۇ.

(2)

داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دىن ئېلىنغان پارچىدا: «جۇلۇڭشۇ — قېرى تال، شەھەر ئىچىدە بىر يىلتىزدىن توققۇز شاخ چىقىپ بىر — بىرىگە تۇتۇشۇپ باراقسان بولۇپ كەتكەن» دەپ يېزىلغان.

جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدا قۇمۇلدا بېشىر ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئىدى. بۇ يىللاردا جۇلۇڭشۇنىڭ ئەتراپىدىن سۈپ — سۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇراتتى ھەم زىننەتلىك سېلىنغان بىر مەسچىت بار ئىدى. ۋاڭ گاھى — گاھىدا بۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيتتى.

شۇ يىللاردا يەنە بىر رىۋايەت تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر چوڭ لەشكەر بېشى ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شەھەر ئىچىنىڭ ھازىرقى جۇلۇڭشۇ دېگەن جايىغا يېتىپ كېلىپ توختاپ ئارام ئاپتۇ. ئۇ

پولات قامچىسىنى يەرگە سانجىپ قويۇپتۇ. ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن قامچىسىنى يەردىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئېتىغا مىنىپ داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىپتۇ. ئەمما، قامچا سانچىلغان ئورۇندىن تۇيۇقسىز بىر بۇلاق پەيدا بوپتۇ — دە، ئۇزاق ئۆتمەي ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما ئارىلاش قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، ھەم ئاسماندىن توققۇز ئەژدىھا چۈشۈپ مۇشۇ بۇلاققا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن توققۇز ئەژدىھا تال ئۆسۈپ چىقىپتۇ. شۇندىن مۇقەددەم مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن قۇمۇلدا ۋاڭ پەيدا بولۇپ، توققۇز ئەۋلاد داۋام قىلىپتۇ.»

جۇلۇڭشۇ ھەققىدە تارقالغان بۇ ئىككى خىل رىۋايەت خېلى مەشھۇر بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ تارىخىي كىتابلاردا بايان قىلىنغان. ھەتتا جۇلۇڭشۇ ھەققىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شائىرلىرى بىر قىسىم مەدھىيە شېئىرلىرىنىمۇ يازغان.

## «توققۇز ئەژدىھا تال» ھەققىدە يېزىلغان شېئىر

چىڭ سۇلالىسى دارىلئۇلۇمىنىڭ مۇھەررىرى سۇڭ بۇلۇ، گۇاڭشۈينىڭ دەسلەپكى يىللىرى سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتكەندە «شەھەر ئىچىدىكى قەدىمىي سۆگەت» ناملىق شېئىرىنى يازغان. بۇ شېئىردا «توققۇز ئەژدىھا تال» نەزەردە تۇتۇلغان:

چوڭلۇقى قۇمرىدەك شەھەر ئىچىنىڭ،
ياتار ئۇ بىر چەتتە — غەربىي جەنۇبتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇ يەردە باراقسان قەدىم سۆگەت بار،
سوزۇلۇپ ياتار ئۇ چوڭ يول بويىدا.
بۇ دەرەخ — بۇ قېرى قەدىمىي سۆگەت،
بېشىدىن كەچۈرگەن ئونلاپ ئەسىرنى.
بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر كۆرگەندە ئۇنى،
خورسىنار بىلگەندەك بۇندىكى سىرنى.
كۆرىنەر بۇلۇتتەك قويۇق سايىسى،
نامازشام پەيتىنى ئەسلىتەر كۈندۈز،
شاخلىرى مىسالى يۆگەنسىز تۇلپار.
چاپىدۇ كەڭ قۇچاق ئاچقان دالا — تۈز،
ئۆرەنلەپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلسە تىك.
بېجىرىم غوللىرى بولار نامايان،
قوۋزىقى كۆرۈنەر يۆگەم قەلەيدەك.
كۆرىنەر تاشقا گۈل چەككەندەك ھامان،
ئېچىلسا قىزغۇچ ھەم سارغۇچ پوتلىسى.
بەرگىدە ئوينايدۇ شەبنەم پارقىراپ،
كەلگەندە ئالتۇن كۈز، غازاڭ مەزگىلى.
تۆكۈلەر ياپراقلار ئەتراپنى قاپلاپ،
گوياكى دالىدا توپ — توپ ئەژدىھا.
جەڭ—يىغا قىلغاندەك ئۇزاقتىن—ئۇزاق،
گوياكى چۈشكەندەك ئۇچۇپ لاي ئارا،
بىھېساپ تىرناقلار، بىھېساپ قاسراق.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ئەسىرى
2. مۇھەممەت سايرامىنىڭ «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن

مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابى
3. «ماركوپولو»
4. 60 — يىللاردا رەتلەنگەن «قۇمۇل تارىخي ماتېرىياللىرى»
5. يېقىنقى يىللاردا رەتلەنگەن «قۇمۇل شەھىرىنىڭ تارىخي ماتېرىياللىرى» (1- 2- قىسىم)
6. «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»
7. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى
8. «شىنجاڭ داشۆ ئىلمى ژۇرنىلى»
9. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»
01. «قۇمۇل شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»
11. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
12. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كاتىبى ياقۇپ خېتىپنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى
13. خەتتات، تارىخچى ھاپىز ئاخۇننىڭ قول يازما ماتېرىياللىرى
14. «شىنجاڭ گېزىتى»، «قۇمۇل گېزىتى»
15. ھۆسنىرىخان، مەخلۇك ئۇستام، ئاپپاق ئايلا، گايىز يىمىت، ئاخۇن، ئاقبەگ بوۋا قاتارلىق چوڭ ياشلىقلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەن پاراڭلىرى.
16. ئابلا ئەھمىدى، ئىبراھىم شاھى، ئوسمان تۆمۈر، سەمەت ئەسرا قاتارلىق يولداشلارنىڭ بىر قىسىم ماتېرىياللىرى.

责任编辑：阿布都肉苏里·吾马尔
封面设计：买买提·阿尤甫

哈　密（维吾尔文）

阿依夏木·艾合买提　编

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
三立新产业有限公司激光照排
乌鲁木齐铁路局印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　9印张　3插页
1993年7月第1版　1993年7月第1次印刷
印数：1——1,100

ISBN 7-228-02701-9/I·950　　定价：5.60元（精装）